تۆمۈر داۋامەت

# ھايات مەشئىلى

مىللەتلەر نەشرىياتى

# 生命的火炬

江泽民

ھايات مەشئىلى

جياڭ زېمىن



باش شۇجى جياڭ زېمىن ئاپتورغا مۇشۇ كىتابنىڭ
ئىسمىنى يېزىپ بەردى.



مۇشۇ كىتابنىڭ ئاپتورى تۆمۈر داۋامەت



ئاپتور ئارتىسلار بىلەن بىللە (جۇخەي شەھرىدە)



ئاپتور ئەمگەككە كېتىۋاتىدۇ.



ئاپتور دېھقانلار بىلەن بىللە.

# نەشرىياتتىن

شائىر تۆمۈر داۋامەت 1927 ـ يىل شىنجاڭنىڭ تۇرپان ئويمانلىقىدىكى توقسۇن ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، يەر ئىگىلىرىنىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىغان. تالاي كۈنلىرى كۆمۈ چىلىك، ئوتۇنچىلىق، جاڭگالدا پادا بېقىش بىلەن ئۆتكەن. ئازاب ـ ئوقۇبەتنى يەتكۈچە تارتقان.

ئازادلىقتىن كېيىن دېموكراتىك ئىسلاھات ۋە يېڭى يېزا قۇرۇش ھەرىكەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، يېزا باشلىقى، رايون باشلىقى، ھاكىم، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى بولغان. 38 يېشىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ سايلانغان. 1977 ـ يىلدىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 12 ـ، 13 ـ قۇرۇلتايلىرىدا مەركىزىي كومىتېتنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا، 5 ـ، 6 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلانغان. 1985 ـ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ كەلمەكتە.

شائىر تۆمۈر داۋامەت ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىن باشلاپلا ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ سەنئەت ئەترەتلىرىگە قاتناشقان چاغلىرىدىلا مەھەللە ـ كەنتلەرگە ئويۇن قويغىلى بېرىپ، چۆچەكلەرنى، خەلق قوشاقلىرىنى توپلاپ رەتلىگەن. ناخشا تېكىستى، قوشاق ۋە بەزى ماقالىلەرنى يازغان. تۆمۈر داۋامەت پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىنمۇ خىزمىتىنىڭ شۇنچە ئېغىر ۋە ئالدىراش بولغىنىغا قارىماي، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ ئىجادىيەتنى داۋاملاشتۇردى، ئىشتىياق ئىلھاملىرى تاغ بۇلاقلىرىدەك ئۈزۈلمەي ئۇرغۇدى. شائىر 1963 ـ يىلى «قارىغاينىڭ خىسلىتى» دېگەن شېئىرىنى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىش بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ يۇرتى شىنجاڭ ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى تەسۋىر ـ لەنگەن شېئىرلىرى ئاساس قىلىنغان «تىيانشان شادلىقى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى 1982 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. پارتىيە، خەلققە چىن مۇھەببەت باغلاپ، ۋەتەن، ھەم ۋەتەندىكى رېئال تۇرمۇش مەدھىيىلەنگەن شېئىرلىرى ئاساس قىلىنغان توپلىمى «ۋەتەنگە مۇھەببەت» 1987 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. 1991 ـ يىلى ئۇنىڭ «دەۋر ئىلھاملىرى» دېگەن 3 ـ توپلىمى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بۇلاردىن باشقا شائىرنىڭ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن يازغان چوڭ ھەجىمدىكى ئەدەبىي خاتىرىسى «يالقۇنلۇق شېئىرىي تەسىرات» قاتارلىقلار ئېلان قىلىنىپ، كىتابخانلار ئىچىدە چوڭقۇر تەسىر قوزغىدى. بەزى شېئىرلىرى

نوتىغا سېلىندى.
شائىرنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرى قازاق، ئۆزبېك، خەنزۇ، ياپون، رۇس قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى. 1985 - يىلى ئۇنىڭ «يۈرەك ناخشىلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، 1987 - يىلى «يۇرت مۇھەببىتى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىندى. خەنزۇ تىلىدىكى 3 - شېئىرلار توپلىمى نەشرگە بېرىلدى. «يۈرەك ناخشىلىرى»، «يۇرت مۇھەببىتى» دېگەن توپلاملاردىكى شېئىرلار ياپون تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، شۇ ماقالالاردا ئىككى توپلام قىلىنىپ ياپونىيىدە نەشر قىلىندى. بەزى ئەسەرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق دۆلەتلەردە تەرجىمە قىلىنىپ بېسىلدى. «ئالتاي لىرىكىسى» ناملىق سېكلى 1989 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭى دەۋردىكى مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.
تېمىسىنىڭ خىلمۇخىللىقى، دەۋر روھىنىڭ چاقناپ تۇرۇشى، تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ قويۇقلۇقى، ھېسسىياتىنىڭ قىزغىن، سەممىي، تىلىنىڭ ئاممىباب، ئوبرازلىق بولۇشى شائىر تۆمۈر داۋامەت شېئىرلىرىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتە ماركسىزملىق ئېستېتىكا پرىنسىپلىرى ئاساسىدا رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى، يېڭىنىڭ، ئاممىباب ئۇسلۇبىنى قوللانغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى رېئال ھايات قايناملىرىدىن كەلگەن بولۇپ، مول تۇرمۇش مەزمۇنىغا، روشەن مۇھەببەت - نەپرەتكە، پەلسەپىۋى پىكىرلەرگە تولغان. بۇ شېئىرلاردا گۈزەل مەنزىرىلەر، جۇشقۇن ھايات كۆرۈنۈشلىرى سۈرەتلىنىپ، ئۇلۇغ ۋەتەننىڭ گۈللىنىۋاتـ

قانلىقى، سوتسىيالىستىك يېڭى شىنجاڭنىڭ باي ھەم گۈزەللىكى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يېڭى تۇرمۇشى چىن مۇھەببەت بىلەن كۈيلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە شائىر مىللەتنىڭ تەرەققىياتى يولىدا ئىزدىنىش، مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىستىقبالىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە، شېئىرىي گۈزەللىك يارىتىشقا ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ يەنە باشقا ئەللەردە، مەيلى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ياكى ئوتتۇرا يەر دېڭىزى قىرغاقلىرىدا ۋە ياكى يىراق جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى ئارگېنتىنادا بولسۇن، گۈزەل شەيئىلەر جەلپ قىلغاندا ئۇلاردىن ئۆز ۋەتىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىكلىرىنى تاللاشنى ئاساس قىلغان. ئۆز ۋەتىنى، خەلقى ۋە يېڭى تۇرمۇشتىن ئىبارەت ئەبەدىيلىك تېمىنى ئەستىن چىقارمىغان ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئىدراك بىلەن شېئىرى ھېسسىيات بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇنداق ئىدراك جۇشقۇن ھېسسىياتلىق شېئىرى مەنە بىلەن جىلۋىلەندۈرۈلگەن. ئىدراك ھېسسىياتنى توغرا يۆنىلىشكە، ھېسسىيات ئىدراكنى رەڭدارلىققا ئىگە قىلىپ، ئىچكى مەنىنى چوڭقۇرلاشتۇرغان. ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدا ئوبراز ئارقىلىق سۆزلەشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. ئىدراك بىلەن ھېسسىياتنى ئۆزى ياراتقان شېئىرى ئوبرازدا گەۋدىلەندۈرگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا سىمۋول تىپىدىكى ئوبرازلارمۇ، رېئال تۇرمۇشنى بىۋاستە ئەكس ئەتتۈرگەن ئوبرازلارمۇ ئۇچرايدۇ.

قولىمىزدىكى بۇ توپلامغا شائىرنىڭ 30 يىلدىن بۇيانقى ئىشتىن سىرتقى شېئىرىي ئىجادىيىتىدىكى ئاساسلىق ئەسەرلىرى يىل تەرتىپى بويىچە تاللاپ كىرگۈزۈلدى. بۇنى شائىرنىڭ شېئىرى ئىجادىيىتىنىڭ يىغىندىسى، ئىجادىيەت مۇساپىسىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدا شائىرنىڭ ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىمۇ، ئىجادىيەت

بولىمۇ، شېئىرى ئىقتىدارىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىمۇ ئەكس ئەتكەن. ئومۇمەن، ئۇنىڭ شېئىرلىرى تەبىئىي، سەممىي، ھېسسىياتلىق، ئاممىباب بولۇپ، كۈچلۈك ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ۋە چوڭقۇر تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە. شائىر ئۆزىگە خاس مىللىي ئۇسلۇبتا بىرقەدەر يارقىن شېئىرى ئىستىل، ئىدىيىۋىلىك بىلەن بەدىئىيلىكنىڭ بىرلىكىدە بىرقەدەر يۇقىرى سەۋىيە ياراتقان. ئىشىنىمىزكى، بۇ شېئىرلار كىتابخانىلارغا كۈچلۈك بەدىئىي زوق بېغىشلايدۇ. بىز شائىرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيىتىدە خەلققە تېخىمۇ مول مېۋە بېرىشىگە تىلەكداشمىز.

## مۇندەرىجە


نەشرىياتتىن.................................... ( 1 )
قارىغاينىڭ خىسلىتى............................. ( 1 )
كەتمىنىم....................................... ( 2 )
سەپەر تەسىراتلىرى.............................. ( 3 )
سىز ياشايسىز خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە............... ( 8 )
باھار ئىلھامى.................................. ( 10 )
تېتو قەبرىسى ئالدىدا........................... ( 12 )
خەير - خوش، يۇگوسلاۋىيە........................ ( 14 )
قىزىلگۈل....................................... ( 16 )
قوبۇل قىلغىن سالامىمنى......................... ( 17 )
دېھقان ئۈچۈن.................................. ( 18 )
ئۆزگىرىش....................................... ( 20 )
داڭىنىڭ خۇشاللىقى............................... ( 21 )
بېشىم ئەمدى ساقايدى............................ (23 )
كۆر، دېھقان كۆلكىسىنى مايسىلاردا............... ( 25 )
كۈلگىن، قەشقەر.................................. ( 26 )
كوئىنلۇن قوشىقى................................. ( 30 )
سالام ۋە ئۈمىد................................. ( 32 )
تاشقورغان خاتىرىلىرى (چاتما).................... ( 35 )
ئارمىنىمغا يەتكەندە............................ ( 35 )

مۇز تاغدىكى شۇڭقارلار.................... ( 36 )
ئانا يۇرت مۇھەببىتى.................... ( 36 )
تىزناپ دەرياسى.................... ( 37 )
ئۇرلە، قىزىلسۇ.................... ( 39 )
پارتىيە دېسەم.................... ( 41 )
پورەكلەپتۇ بىر غۇنچە.................... ( 42 )
قەلب كۈيى.................... ( 43 )
كومپارتىيەم.................... ( 46 )
يۈرەك ساداسى.................... ( 47 )
نۇرلاندى دىللار.................... ( 51 )
باھار كەلدى.................... ( 53 )
كۆكەرتەيلى ۋەتەننى.................... ( 55 )
كۆكلەم ئاۋات.................... ( 56 )
شان قۇچۇپ ئۆرلەيمىز يۈكسەك پەللىگە.................... ( 58 )
ئاساسىي قانۇنغا مەدھىيە.................... ( 60 )
تەنتەنە.................... ( 62 )
قولىمىزدا كوممۇنىزم بايرىقى.................... ( 64 )
ۋەتەن تويىغا.................... ( 67 )
يەنە كەلدىم قوينۇڭغا.................... ( 69 )
يېڭى شىنجاڭ قۇرىمىز.................... ( 71 )
كۈيلەيمەن سېنى شىنجاڭ.................... ( 73 )
ئىتتىپاقلىق ناخشىسى.................... ( 76 )
ئاتمىش ئۈچ چېچەكتىن تىزدىم گۈلدەستە.................... ( 78 )
قۇتلۇق دەستۇر.................... ( 81 )

تاغلارنى قوۇچاقلىغان ئاتوۇشتا (چاتما)............................ (83)
سالام ساڭا قىزىلسۇ........................................ (83)
ئات بەيگىسى.............................................. (84)
يورغا..................................................... (86)
كورلىغا بارغوۇچە ئويلىغانلىرىم.............................. (87)
پايتەختكە مۇھەببەت ........................................ (90)
ئۆكتەبردىكى بېيجىڭ ......................................... (93)
ناخشىچىمىز دىلبەرگە....................................... (96)
سەنئەت غوۇنچىلىرىگە........................................ (98)
ئۈزۈم ھارىقى............................................... (100)
ئاي دەيمۇ، كۈن دەيمۇ سىنى پارتىيەم.......................... (101)
ئالىيجاناپ قەلبكە مەدھىيە.................................. (103)
قاراماي ناخشىلىرى (چاتما)................................... (106)
سەن قارا ئالتوۇننىڭ كانى قاراماي............................. (106)
ۋىشكىلار ئورمىنى.......................................... (107)
سۆيگۈ بۇلاقلىرى............................................. (109)
سىلىم بوۋاي................................................ (109)
ئىشچى قىرىنداش............................................. (110)
ئىنژىنىر.................................................... (111)
نىفىتچى ياشلار.............................................. (113)
تاڭ قالدىم.................................................. (114)
خەلقىم...................................................... (115)
بېيدەيخې تەسراتلىرى (چاتما)................................ (117)
بېيدەيخې قارىغىيىڭ ئوخشار قەلئەگە........................... (117)

كۆرگەنتىم چۇشۇمدە دولقۇنۇڭنى ........................ (118)

بۇ، ئاشۇ ھەيۋەتلىك شەنخەيگۇەنمىدۇ؟ ................ (119)

مىڭجيانۇي بۇتخانىسى ........................ (120)

ساھىلنىڭ قۇمىدىن ئالدىم ئۇچۇملاپ ........................ (121)

بىزنىڭ شىنجاڭ ........................ (123)

ياشنا، يېشىل تۇرپان ........................ (124)

تەبىئەت ئالدىدا ئادەملەر غالىب ........................ (125)

تەڭرىتاغنىڭ شادلىقى ........................ (127)

بىلىم نۇرى ........................ (129)

خۇش كېلىپسىز، سەنئەتكارلار ........................ (130)

مۇئەللىم، سىز نامسىز قەھرىمان ........................ (132)

سۆيۈملۈك يۇرتۇم ........................ (134)

ئېزىز مېھمانلار ........................ (135)

گۆھەر زېمىندا توي ........................ (137)

شانلىق پويىز ........................ (140)

پەنگە مۇھەببەت ........................ (142)

سەنئەت گۈلى ........................ (143)

تەڭرىتاغقا يېڭى مەدھىيە ........................ (145)

ياشلار ئوقۇ ياشلىقىڭدا ........................ (147)

ئالتاي لىرىكىسى (چاتما) ........................ (149)

يېشىل ئالتاي ........................ (149)

گۈزەل قاناس كۆلى ........................ (150)

رەڭدار يايلاق ........................ (152)

سۇ ــ ھاياتلىق كەۋسىرى سەن ........................ (153)

ئەزىمەتلەر بەيگىسى.............................. (155)

مەرىپەت ئۇپۇقىدا ياندى چولپان.................. (157)

بۇ كىتاب.......................................... (158)

شىخەنزە.......................................... (159)

جۇڭغارغا پۆتۆلدى قانات........................ (160)

پارتىيىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى.................. (162)

ئىتتىپاقلىق گۈلدەستىسى........................ (165)

تارالسۇن شىنجاڭنىڭ نامى جاھانغا.............. (167)

ئەرەب خەلىپىلىكىگە زىيارەت (چاتما)......... (168)

ئۆرنىتايلى دوستلۇق كۆۋرۈكى.................... (168)

رەڭدار گۈللەر.................................... (169)

قۇملۇقتىكى گۈلستان............................. (171)

دوبەي سودا سارىيى.............................. (173)

جۇڭگولۇق بولغانىغا پەخىرلىنىمەن............... (174)

ھەممىمىز ئىناق قېرىنداشلار..................... (175)

ئەگرى دېڭىز..................................... (176)

دېڭىز ۋە قۇملۇق................................. (177)

باھار (نورۇز ئىلھامى)........................... (179)

ئوكيانلارنىڭ ئۇچىتىگە سەپەر (چاتما)......... (180)

ھىجران ........................................... (180)

خۇش چىراي...................................... (183)

قەدىمي دۆلەتسەن ئارگېنتىنا..................... (184)

ئات ئويۇنى....................................... (187)

كالا ئالىمي....................................... (188)

تۈركىيە ئىلھاملىرى (چاتما)........................ (190)
قۇش ئارىلى.................................... (190)
قۇملۇق ۋە دېڭىز................................ (192)
دېڭىز ـ ئوكيان.................................. (194)
"بۇلبۇل تېغى"................................... (196)
ئاتا تۈرك مەقبەرىسىگە مۇھەببەت..................... (198)
ئانام سەن ۋەتەن.................................. (202)
يۇرت تەسىراتلىرى................................ (206)
يۇرتۇمغا سەپەر.................................. (206)
تۇز دېڭىزى...................................... (207)
بەخت بېغىدا ناخشا ئېيتىمىز........................ (209)
مېھىرلىك دىيار.................................. (210)
كۆيلەيلى بەختىيار دەۋراننى......................... (213)
ۋەتەننىڭ كەلگۈسى سىلەر........................... (215)
دۇنياغا يۈزلەنسۇن مۇقام........................... (217)
چۆلدە چاقنىغان گۆھەرلەر.......................... (219)
يۇرت مۇھەببىتى.................................. (221)
تېخىمۇ گۈزەل ئەتىمىز............................ (223)
گۈل شەھىرىگە مەدھىيە............................ (225)
بامبۇك......................................... (227)
گۈل........................................... (229)
ئىككى چوڭ دەرۋازا............................... (231)
تەڭرىتاغ بۈركۈتى ئەيلىدى پەرۋاز..................... (232)
تەڭرىتاغ سۆيگۈسى................................ (237)

تارىمغا بېغىشلانغان ناخشا ........................ (239)
ئۇنتۇمايدۇ خەلقىمىز سىزنى........................ (242)
خەلقىمىزنىڭ ياخشى ئوغلى........................ (246)
جۇمھۇرىيەت، لەپىلدىسۇن بايرىقىڭ........................ (247)
ئادالەت (غەزەل)........................ (251)
"ياۋايىلار كەنتى"گە سەپەر........................ (253)
دېھقان دوستۇمغا........................ (257)
چىن قېرىنداش بىز........................ (259)
قولىمىزدا ئىسلاھات توغى لەپىلدەر........................ (261)
مۇقەددەس مەشئەل........................ (263)
كوچا تەسىراتلىرى (چاتما)........................ (265)
كوچا قوچىقىدا........................ (265)
مۇقام ئىلھامى........................ (267)
مىڭئۆي........................ (267)
تاشكەنت ........................ (270)
دوستلۇق كويى........................ (272)
چىللايدۇ ئەتىكى قوياش........................ (274)
ئۆزگىچە كەلدى بۇ يىلقى باھار........................ (276)
ئامان بىلەن ئەختەر (داستان)........................ (278)

# قارىغاينىڭ خىسلىتى

ياشنار يېشىل قارىغاي
ھەر چاغ ئىسسىق ـ سوغ دېمەي.
سۆيۈپ ئانا دىيارنى،
تەقدىرىدىن غەم يېمەي.

ئۆزى ئۆسكەن دىيارنىڭ،
تومۇز بىلەن ئايازى؛
ئاڭا ھەر دەم بىلىنەر،
جەننەتنىڭ باھار ـ يازى.

تاش بولسىمۇ تۇپراقتا،
يىلتىز يايار بىمالال.
ھەر ئىش كەلسە بېشىغا،
كۆرمەس ئۇنى ھېچ مالال.

تۇپراق بىلەن تەقدىرداش
بولغاچ قەيسەر قارىغاي؛
تۇرار ھامان قەد كېرىپ،
خەۋپ ـ خەتەرگە قارىماي.

1963 ـ يىل يانۋار، توقسۇن.

## سەپەر تەسىراتلىرى

بۆلگەندە ئۇپۇقنى شەپەق
ئوتقاشتەك رەڭگە:
قۇياشقا قاراپ
پەرۋاز قىلدىم ۋەتەن كۆكىدە.
شۇنچە شاتلىنىپ،
شوخلىنىپ يايراپ،
قىيغىتتىم گويا بۇلۇت كۆكسىدە.
ۋەتىنىم ئاسمىنى مىسالى دېڭىز،
چېكىگە كۆز يەتمەس،
زۇمرەتتەك كۆپكۆك،
دىللارنى مەھلىيا قىلار شۇ قەدەر.
ھە، كۆڭلۈم كۆكمۇ ئاشۇنداق سۈزۈك،
چۈنكى،
ۋەتەننىڭ يۈرىكى بېيجىڭغا قاراپ،
بوغدا چوققىسىدىن قىلدىم مەن سەپەر.
ئۆتمۈش...
ئاھ!
كۈلپەتلىك زامان.
قالدىكىن كۆمۈلۈپ چۆل - باياۋاندا،

## كەتمىنىم

ئىشچان ئاتا ـ بوۋامدىن مىراس قالغان كەتمىنىم،
بىر ئۆمۈرلۈك بەختىمگە چىڭ ئۇل سالغان كەتمىنىم.

قانچە چاپسام شۇنچىلىك كۆچ قوشۇلار بەستىمگە،
ئالتۇن چەشتىن، پاختىدىن تاغ ياسىغان كەتمىنىم.

يۇيار كۆمۈش تەرلىرىم چاڭ قونسا گەر دىلىمغا،
ماڭا ئۆزەڭ بىرسەن ھالال ئاق نان، كەتمىنىم.

گىيا ئۈنمەس چۆللەردە باغۇبوستان يارىتىپ،
ھېكمىتىدە جەننەتنى تاڭ قالدۇرغان كەتمىنىم.

ئىبىل نازۇنېمەتنىڭ "ئېچىل داستىخىنى" سەن،
سېنىڭ بىلەن قانغۇسى ھەرنە ئارمان، كەتمىنىم.

1963 ـ يىل ماي، توقسۇن.

قەلبىم ئاپپاراتىغا چۈشتى بىر-بىرلەپ،
تىزىلدى قۇرلارغا ئوتلۇق مىسرالار،
تىزىلغاندەك يىپقا دۇر-ئۈنچە.
ئېھ، خۇاڭخې
سەن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ
ئۇزاق تارىخىنىڭ شاھىدى بولۇپ،
ئانا يەرگە باش قويۇپ يېتىپسەن.
قارىسام، مانا
پارتىيە نۇرىدا، ئەلنىڭ قولىدا،
تويغا ياسانغان
قىز-چوكانلاردەك
ياسىنىپ كۆركەم،
كۆز يېغىنى يىگۇدەك بولۇپ كېتىپسەن.

ئىككى يېقىڭدا،
بىپايان ئورماندەك زاۋۇت تۇرخۇنى،
قەد كۆتۈرۈپتۇ كۆككە تاقىشىپ،
ھوسۇللۇق ئېتىزلاردا،
ئوخشاپ زىرائەت؛
باغلىرىڭدا ھەم خىلمۇخىل مېۋە
كېتىپتۇ پىشىپ.
ئويلاپ قالدىم، جەننەت بۇ يەرگە،
كۆچكەنمىكىن ھەۋەسى كېلىپ.

قانچىلاپ كارۋان!
كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ،
ماگدامدا مىڭ جەبرە كۆرۈپ،
بىر كۆڭۈلۈك مەنزىلنى،
باسقان ئىكەن بىر ئايدا ئاران.

بۈگۈن، قارا، ھاۋا قاتنىشى،
گويا
يۈرەكتىن تەنگە تارالغان تومۇردەك
ۋەتىنىمىزنىڭ ھەممە يېرىگە
تۇتىشىپ كەتتى
شۇنچە تېز، راۋان.
ئۇلۇغ بېيجىڭ بىلەن
چېگرا رايوننىڭ
ئارىسىمۇ كەتتى يېقىنلاپ،
سەپەر قىلىش بوپقالدى ئاسان.
سەھەر ئۈرۈمچىدە ناشتاگنى قىلساڭ،
چۈشلۈك غىزانى
بېيجىڭدا ھوزۇرلىنىپ يەيسەن، يوق گۇمان،
مانا، ئۆتمەستىن
ئاش پىشىم ۋاقىت،
خۇاگخې ئۈستىدە قىلىپ مەن جەۋلان،
قارايمەن ھۆسنىگە زوق بىلەن شۇنچە.
بۇ ۋادىنىڭ گۈزەللىكلىرى،

ئىلھام، ھېسسىيات.
ۋەتەننى گۈل، مېنى گۈل قىلغان،
ئاتىلارچە باشىم سىلىغان،
پارتىيىگە ئاققان مېھرىمدىن
پۈتتى كۆكتىلا ئۈشبۇ "تەسىرات".

1965 - يىل ئۆكتەبىردە يېزىلىدى.
1981 - يىل ئۆكتەبىردە تۈزىتىلدى.



ۋەتەن زېمىنى،
نەقەدەر كەڭرى،
نەقەدەر گۈزەل،
گۈل ھۆسنىگە تويمايمەن قاراپ.
قەلبىم سۆيۈنىدۇ،
كەلگۈسىنى شادلىنىپ ئويلاپ.
سوئال قويىمەن ئۆزەمگە دائىم،
كىم ئىدىم،
كىم بولدۇم؟
خىيال قۇشلىرىم
كېتىدۇ ئۇزاق
ئۆتمۈشنى بويلاپ...
قۇتقۇزمىسا پارتىيە مېنى،
چەكمەسمىدىم دەرد ـ ئەلەم، كۈلپەت؟!
ئاچۇزار قاقشاپ ئاتا ـ بوۋامدەك،
قىلماسمىدىم شۇ يوقسۇزلۇقنى
مەڭگۈلۈك ئۆلپەت؟!
نەدە ئىدى ماڭا
ھە، بۈگۈنكىدەك
كۈمۈش لاچىننى مىنىپ شادىمان،
ئۇچقۇدەك پۇرسەت؟!
شۇ تاپتا گويا
قەلبىم مېنىڭ دولقۇنلۇق ئوكيان.
داۋالغۇيدۇ ئۇنچە چاچرىتىپ،

بەرگەنتىڭىز ئىلھامبەخش يوليورۇق،
زەپ مۇلايىم سۆھبەتلىشىپ بىز بىلەن.

سىز قەدىردان ماۋجۇشىنىڭ سەپدىشى،
خەلقىمىزنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك رەھبىرى.
ئىلگىرىلەيمىز سىز قالدۇرغان روھ بىلەن،
پەللە ئېشىپ، روناق تېپىپ كۈنسېرى.

ۋىدالاشقان بولساقمۇ بىز سىز بىلەن،
سىز ياشايسىز خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە.
بارچە مىللەت سىزنى ھەر دەم ئەسلەيدۇ،
يېڭى سەپەر، قاينىغان جەڭ ئەۋجىدە.

1977 - يىل 10 - يانۋار، ئۈرۈمچى.



## سىز ياشايسىز خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە

— جۇڭگولۇق ۋاپاتىنىڭ بىر يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن.

ئۆتەركەن يىل چاقماقتەك تېز سۈرئەتتە،
كەلدى يەنە بۇ يىل ئۆزگىچە خىسلەتتە.
ئېھ، سۆيۈملۈك زوڭلى سىزنى سېغىندۇق،
ئەسلەپ ئۆچمەس تۆھپىڭىزنى ھۆرمەتتە.

كەلگۈسىنى ئويلاپ، يەپ ئەل غېمىنى،
كېچە-كۈندۈز ئىشلىدىڭىز غەيرەتتە.
ھەر قەدەمدە يېڭى زەپەر قۇچتىڭىز،
قالدى شانلىق ئىش ئىزىڭىز زەر بەتتە.

ئىنقىلابقا چەكسىز سادىق بولدىڭىز،
تىيانشاندىن بۈيۈك سىزنىڭ قەددىڭىز.
سىز ئۇلۇغۋار كوممۇنىزىم جەڭچىسى،
ۋەتەن ئۈچۈن سىڭدى تالاي ئەجرىڭىز.

يۇرتۇمغا سىز قەدەم تەشرىپ قىلغاندا،
كۆلۈپ بەختىم، كۆرۈشكەنتىم سىز بىلەن.

ئەم ھاۋانى ئۇرۇپ دىماققا،
تاۋلىنىدۇ قارىيىپ ئىچىمىز.
جاراڭلايدۇ مېھنەت ناخشىسى،
ئىچىمىز گويا شاۋقۇنلۇق دېڭىز.

يەر باغرىنى تىلىدۇ ساپان،
ئىشەنچ بىلەن چېچىلار ئۇرۇق.
نەۋباھاردىن سۆيۈنگەن دىللار،
كېپىللىك قىلار ھوسۇلغا تولۇق.

كۆكۈش ئاسمان، كۈمۈش بۇلۇتلار،
بۇلاقلاردا ئوينار جىمىرلاپ.
سېخىي قۇياش كۈلىدۇ خۇش خۇي،
ئالەم نۇردىن چاقنار ۋاللىداپ.

جاھان شۇنداق تۈزەيدىكەن رەڭ،
باھار كەلسە جىلۋىدار بولۇپ.
باھارنى بەك ئارزۇلار كۆڭۈل،
ئاڭا ئاشىق ـ بىقارار بولۇپ.

1977 ـ يىل 25 ـ ئاپرېل.

# باھار ئىلھامى

ۋادىلارنى سۆيۈپ، ياشنىتىپ،
ئۇچۇپ ئۆتەر ئىللىق شاماللار.
قىرغاقلارغا چاچىدۇ ئۈنچە،
سۇيى ئويناق دەريا - قاناللار.

ئىللىق ئاپتاپ يايماقتا ئېتەك،
يېشىللىققا ئورالدى ھەر يان.
بۇ يېشىللىق ھايات بەلگىسى،
بۇ ئاجايىپ جۇشقۇنلۇق جەريان.

ئىلھام بەخش ئېتەر كۆڭۈلگە،
تەبىئەتنىڭ نازۇك جىلۋىسى.
تويغا ماڭغان قىزلاردەك گويا،
تەبەسسۇمدا چاقنار چېھرىسى.

بېغىشلايدۇ دىلغا زوق - ھۇزۇر،
قۇش - قاناتلار نەغمە - ناۋاسى.
ئايان بولار بۇنىڭدىن ئەلگە،
بۇ باھارنىڭ قەدرى - باھاسى.

يۇگوسلاۋىيە ئالەم ئارا تاپتى شان،
نېتو ئاڭا كۆرسەتكەچكە يول - نىشان.
تېتو نامى ھەر يۈرەكنىڭ قېتىدا،
ھەر كۆڭۈلدە ئۇ بىر ناخشا - بىر داستان.

كەلدىم مەنمۇ تىيانشاننىڭ باغرىدىن،
ئالغاچ كەلدىم قارلەيلىسى بىر قۇچاق.
ھۆرمەت بىلەن بۇ قەبرىگە ياپىمەن،
گۈپۈلدىسۇن ئۆزگىچە بىر خۇش پۇراق.

باش ئېگىمەن ئۇشبۇ قەبرە ئالدىدا،
چىگشلەشكەن خىياللىرىم شۇ تاپتا.
ياخشى ئادەم بۇ ئالەمدىن كەتمىسە،
دەيمەن ئۇنىسىز ئۆز ئىچىمدە مەن ئاستا...

* * *

گۈل - چېچەككە كۆمۈلۈپتۇ بۇ قەبرە،
تۆت ئەتراپى يومران كوكات، ئارچىزار.
ئۆزۈلمەستىن كېلىشىدۇ ئادەملەر،
گۈل ئۇستىگە يەنە تىنماي گۈل تىزار...

1980 - يىل 21 - ئىيۇل، بېلگراد.

# تىيتو قەبرىسى ئالدىدا

گۈل ـ چېچەككە كۆمۈلۈپتۇ بۇ قەبرە،
تۆت ئەتراپى يۇمران كوكات، ئارچىزار.
ئېغىر قەدەم تاشلاپ كېلەر ئادەملەر،
گۈل ئۈستىگە قۇچاق ـ قۇچاق گۈل تىزار.

بۇ قەبرىدە ئۇلۇغ ئىنسان ياتىدۇ،
تا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇ بىلەن سىردىشىپ.
پاراغەتلىك كۈنگە يەتكەچ ئۆز خەلقى،
هېچ ئارمانسىز يېتىپتۇ ئۇ تىنچلىنىپ.

شانلىق تارىخ يازدى پۈتكۈل ئۆمرىدە،
ئىرادىسى تۆمۈر كەبى چىڭ ئادەم.
ئەل رايىنى ئەلا بىلدى ھەممىدىن،
پەزىلەتتە ئالتۇندىنمۇ جىڭ ئادەم.

قورشاۋ، ھۇجۇم كار قىلمىدى ئۇنىڭغا،
ئەل تاللىغان يولدا دادىل ماڭدى ئۇ.
ئەل دەردىگە بولدى دەرمان ھەممە ۋاق،
ئەل رىشتىنى يۈرىكىگە تاڭدى ئۇ.

* * *

خەير ـ خوش گۈزەل ئەل يۈگوسلاۋيە،
خەير ـ خوش مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل دوستلار.
كۆڭۈللۈك زىيارەت، قىزغىن سۆھبەتلەر،
قالدۇردى يۈرەكتە مەڭگۈلۈك ئىزلار.

1980 ـ يىل 24 ـ ئىيۇل، بېلگراد.



# خەير ـ خوش، يۇگوسلاۋىيە

خەير ـ خوش، گۈزەل ئەل يۇگوسلاۋىيە،
خەير ـ خوش، مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل دوستلار.
كۆڭۈللۈك زىيارەت، قىزغىن سۆھبەتلەر،
قالدۇردى يۈرەكتە مەڭگۈلۈك ئىزلار.

بولۇپتۇ قۇچىقىڭ جەننەت مىسالى،
سەن بارغاچ ئاداشماي تېتو ئىزىدىن.
قاياقتا قارىماي، جۇشقۇن، ھۆر ھايات،
نۇر چاقنار بەختىيار خەلقىڭ يۈزىدىن.

تىلىمىز ئوخشاشماس، ئوخشىشار بىراق
بىر غايە يېپىدا چېتىلغان دىللار.
ئوخشاشماس سەرگۈزەشت، لېكىن بىر يولدۇر،
سەن ماڭغان، بىز ماڭغان جاپالىق يوللار.

قەھرىمان خەلقىڭنىڭ پىداكار روھى،
قالدۇردى بىزلەردە ئۆچمەس تەسىرات.
شان ـ زەپەر كۆكىدە قىلىپسەن پەرۋاز،
ئىلىم ـ پەن بولۇپتۇ ساڭا گاڭ قانات.

# قوبۇل قىلغىن سالامىمنى

سىغىنىدىم زەپ ئانا يۇرتۇم جەنۇب ــ ئالتۇن دىيارىمنى،
كۆرۈشكە شۇنچە تەلمۈردۈم گۈزەل يار ــ گۈل ئۇزارىمنى.

تالاي تۈننى ئۇلاپ چىقتىم سۆزۈك تاڭغا، خىيال ئەيلەپ،
پۇراي دەپ ئەترىگۈل چاچقان خۇش ھىدنى ــ ئىپارىمنى.

بۈگۈن كەلگەچكە بۇ پۇرسەت، بولۇپ سەل شادلىقىم تاشتى،
ھۇزۇرلاندىم يېگەندەك شىرنىسى شەربەت ئانارىمنى.

سالام دەيمەن گۈزەل تارىم، ئېزىز قەشقەر، خوتەن، كورلا،
سالام دەپ مەرد دېھقانلارغا ئېگەي قەددى چىنارىمنى.

كېلەر دەپ ئاڭلىدىم ئەلدىن تۇمەن شاۋقۇنىدىن كۆلكە،
چىمەنزار بويىدا تاپتىم دىلىمغا چىن ئارامىمنى.

كۆلۈپ مۇز تاغ ئېتىگىدە بۇلۇتنى قايرىغان چوپان
كۆيىگە جور قىلاي دەپ ھەم ئېلىپ كەلدىم ساتارىمنى.

يەنە ئاقسۇ ــ گۆرۈچ كانى، قىزىلسۇ ــ سۈت، قىمىز يۇرتى،
قوبۇل قىلغىن ساڭا ئېھرىم، يۈرەك ناخشام ــ سالامىمنى.

1981 ـ يىل، ئۈرۈمچى.

# قىزىلگۈل

قىزىلگۈل، ھەر قارىسام بەرگىڭگە مەن،
زوقلىنىپ كۆزلىرىمنى ئۈزەلمەيمەن.
رەڭگىڭدە شەپەق ئەكسى تاۋلىنىدۇ،
شېخىڭغا بۇلبۇل بولۇپ قونسام دەيمەن.

ئازادلىق ئۈچۈن ئاققان قىزىل قانلار،
ساڭا رەڭ بەرگەچ چوغدەك كۆرۈنسەن.
ھەر باقسام، ئەجدادلارغا ئاشار مېھرىم،
يۈرىكىم ئالقىشىغا كۆمۈلسەن.

1980 - يىل ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى



دېھقان دېگەن شۇنداق بەلەن خەق،
چاقنار ئالتۇن پەزىلەت، خىسلەت.
ئاشۇلارنى قاقشاتساق، دوستۇم،
تۇزكور بولۇپ قالمامدۇق ئەبەت.

1981 ـ يىل مارت، توقسۇن.



# دېھقان ئۈچۈن

دېھقان ئۈچۈن ئويلىغىن دوستۇم،
دېھقان ئۈچۈن سۆزلىگىن دوستۇم.
دېھقان كۆيگەن ئوتتا تەك كۆيۈپ،
ئىستىكىنى كۆزلىگىن دوستۇم.

جەمئىيەتنى باغ دېسەك ئەگەر،
ئۇنى بوستان ئەتكۈچى دېھقان.
چېكىسىدىن ياغدۇرۇپ يامغۇر
ھەر مايسىغا بېغىشلايدۇ جان.

ئۇ تىلەيدۇ باھارنى، يازنى،
ئىنسانلارغا نېمەت بەرگىلى.
باياۋاننى باغ - ۋاران ئەيلەپ،
خۇش پۇراقلىق گۈللەر تەرگىلى.

چوغدەك ئاپتاپتا كۆيگەن چىرايلار،
تولۇن ئايدەك كۆرۈنسۇن ساڭا.
قاداق باسقان قاتمال شۇ قوللار،
گۈلدەك ئېسىل تۇيۇلسۇن ساڭا.

## داڭنىڭ خۇشاللىقى

تاڭ سەھەر، كېلىمەن چوڭ يولنى بويلاپ،
شادلىغىم قەلبىمدە ياسايدۇ قىيان.
سۆگەتنىڭ شېخىغا ئېسىلغان داڭغا
قارىسام، تۇيۇقسىز سۇردى ئۇ زۇۋان:

— ئۇزۇندىن پۇشايمان، ئەلەملىك خىيال،
ھەمىشە ئاققۇزغان ئاچچىق يېشىمنى.
نېمىشقا داڭ بولۇپ قالدىم دەر ئىدىم،
ھەر كۈنى ئاغرىتقان كالتەك بېشىمنى.

ئەزالار ئىشقا تېز چىقمىسا ئەگەر
بار ئەلەم كېلەتتى مەن بىچارىگە.
قانچە مىڭ تاياقنى سۇندۇردى دۈيجاڭ
ئېرىشىپ بولالماي ئەپچىل چارىگە.

ھازىر ئىش باشقىچە، ئەزانى چىللاپ
كالتەكلەپ يۈرمەيدۇ مېنى ھېچ دۈيجاڭ.
ئۇمۇ بىر ئېتىزنى ئاپتۇ ھۆددىگە
ئېتىزغا ماڭىدۇ ئاتار - ئاتماي تاڭ.

## ئۆزگىرىش

قىزارغان گىرىدىلەر سەنەم مەگزىدەك،
ياراشقان دوسقانىغا خۇددى كەشتىدەك.
ئىشتەينى تارتىدۇ پىيالىدە چاي،
ئالتۇنرەڭ قايمىقى ــ چاقنىغان چېچەك.

مەن دېدىم: ــ مۆمىنكا، مۇشۇ كۈنلەردە،
قانداقراق ئۆزگىرىش بولدى بۇ جايدا؟
ــ ئۆزگىرىش ئاز ئەمەس، باشقىسىنى قوي،
ئاددىيسى ئاياندۇر سەن ئىچكەن چايدا.

ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا كەلسە بىر مېھمان،
زاغرىمۇ قويالماس ئىدۇق ئالدىغا.
قاتتىقكەن ھەممىدىن يوقسۇزلۇق دېگەن،
خىجالەت تىنغ بولغان دېھقان باغرىغا.

ئەمدىچۇ، بوپقالدى قايماق چاي، گىردە،
ھە، ئۆزۈڭ كۆرگەندەك ناشتىلىق تائام.
تولدى ساك ئاشقا لىق، ئىغىل مالغا ھەم،
ياشايمىز ئىززەتلىك مېھماندەك تامام.

1981 ـ يىل مارت، لوپنۇر.

# بىشىم ئەمدى ساقايدى

—— بىر دېھقانىنىڭ ئاغزىدىن.

كۆپتىن بۇيان كەلگەنتى
زادى بىشىم ساقايماي.
ئازاب چەككەن ئۇستىلەپ
تۇزۇك داۋا تاپالماي.

تاك ئاتماستا تۇرسامۇ،
تۈن نىسپىدە ياتسامۇ،
زىرائەتنىڭ ئورنىغا
ئۆسكەنتى ئوت، ئىش ئاقماي

چالا يەپلا غىزانى
ئۆي ـ ئۆي چىللاپ ئەزانى،
تولا جوراپ ئاغرىنغان
ئىشقا تۇزۇك سالالماي.

بىلمەي ئىشنىڭ ئېپىنى،
داشقازاننىڭ ئېشىنى

كۆڭلۈم شاد، شادلىقتىن تۇغۇلدى ئىستەك:
بۇ يەردىن خوشلىشىپ زاۋۇتقا كېتەي.
چۈنكى مەن قىممەتلىك مىستىن ياسالغان،
قايتا كۆچ چىقىرىپ ئەلگە نەپ بېرەي.

1981 ـ يىل ئاپرېل، چارقىلىق.




## كۆر، دېھقان كۆلكىسىنى مايسىلاردا

پايانسىز ئېتىزلاردا بولۇق مايسا،
ياپقاندەك يەرگە مەخمەل، تاۋلىنىدۇ.
كۆزدىكى مول ھوسۇلدىن بېرىپ دېرەك،
دېڭىزدەك تەۋرىنىدۇ، چايقىلىدۇ.

كۆر، ئادىل سىياسەتتىن كۆلگەن دېھقان
شادلىقى مايسىلارغا كەتكەن سىڭىپ.
شۇ تاپتا قانات قېقىپ خىيال قۇشۇم،
ئالتۇن چەش چوققىسىدا يۈرەر ئەگىپ...

1981 ـ يىل ئاپرېل، چەرچەن.



ھەممەيلەنگە بۆلگەن تەك،
تۆككەن تەرگە قارىماي.

مەسئۇلىيەت تۇزۇمى
بولدى ياخشى ئۇنۇمى.
ئەزا ئۆزى دوختۇركەن
يۇرۇپتىمەن ئۇقالماي.

1981 ـ يىل ئاپرېل، لوپنۇر.



تەبەسسۇم جىلۋە قىلار ئەل لىۋىدە،
تۆمەندە دولقۇنلىنىپ كۆلكە ئاقار.
باغلىرىڭ جامالىدا چاقنايدۇ نۇر
گۈل رەڭدار، گۈلدەك گۈزەل ھايات رەڭدار.
ھاياجان خىيال بىلەن گىرەلەشتى،
خىياللار ئەسىرلەرگە يىغىن ئاچتى.
ئەسىرلەر بەس-بەس بىلەن چۈشتى سۆزگە،
ئالتۇندەك تارىخىڭدىن كۆز قاماشتى.

* * *

ئىلىم-پەن بابىدا سەن چولپان ئىدىڭ،
بىھساپ يۇلتۇز سېنى چۆرىدەيتتى.
مىسالى بولسا ۋەتەن ئىجاد شاھى
ھەممەيلەن سېنى ئۇنىڭ تاجى دەيتتى.
غۇرۇرۇڭ — مەھمۇت، يۈسۈپ يېنىپ كۆكتە،
باغرىڭغا ئۆچمەس ئالتۇن نۇرىن تۆككەن.
نىزارى سۆزۈش ئۈچۈن ئۈنچە-گۆھەر،
پاراسەت دېڭىزىغا چوڭقۇر چۆككەن...
بوغۇلۇپ تۇمەن قۇللۇق ئىسكەنجىدە،
ياراتقان ئاھ-زارىدىن كۆرمىڭ قەيسەر.
باغرىنى يارغان قانخور زالىملارنىڭ
نوزۇگۇم غەزىپىنى قىلىپ شەمشەر.
ئۇ ئېيتقان باتۇر قوشاق قۇلاقلاردا
ھېلىمۇ جاراڭلايدۇ شۇنچە ياڭراق.
شۇ قوشاق سەرەڭگىسى بولغان جەڭنىڭ،

# كۆلگىن، قەشقەر

ئەسسالام، بەختى كۆلگەن گۈزەل قەشقەر،
ئەسسالام، پەسلى كۆكلەم، گۈللىگەن يەر.

* * *

ھەر قېتىم بوسۇغاڭدىن كىرگىنىمدە،
شۇ بەلەن دېھقانلارنى كۆرگىنىمدە؛
ئاجايىپ خىياللارغا چۆمۈلەتتىم،
يالقۇنلۇق ئۈمىدلەرگە كۆمۈلەتتىم:
ئىشچان، مەرد، ئاق دىل خەلقىڭ كۈلسە دەيتتىم،
پاراغەت باغلىرىدا يۈرسە دەيتتىم...

* * *

نە ئامال، بالا ـ قازا يىللىرىدا،
ئىستەكلەر توزغاق كەبى توزۇپ كەتكەن.
جاپاكەش دېھقان خۇش بۇي گۈل ئۆستۈرسە،
بەختىمىز دۈشمەنلىرى ئۈزۈپ كەتكەن...

* * *

گۈللىگەن قۇچىقىڭغا كېلىپ بۈگۈن،
قانىمدىم كۆرۈپ بەزمە ـ شاد تويىڭنى.
ئېھتىرام، سۆيگۈم ساڭا بولدى دەريا،
ئېھ، سۈيى چايقاپ ئۆتسۈن گۈل بويىڭنى.

پارتىيەم باي بول دەيدۇ سېنى قەشقەر،
قاناتلان، ئۇچقىن كۆككە، قېنى قەشقەر.

1981 - يىل ئاپرېل. قەشقەر.



ئۆرتەلگەن يالقۇنىدا ۋەيلۇن دوزاق...
ئۇن ئىككى مۇقام سەندە ئاتقان چېچەك،
قەددىڭنى ئاسمان قىلغان ئامانىسا.
ئالدىڭدا ئالتۇن چوققا زوريىدۇ،
سازەندەڭ مۇقاملارنى جاراڭلاتسا.
ئەدەبلىك، دىيانەتلىك خەلقىڭ شۇنچە،
ئالدىدا ھۆر ـ غىلمانلار ئۈيۈلدۇ.
مېھماندوست، چىن ۋاپادار، دىلكەشلىكى
قەلبىڭگە كەۋسەر بولۇپ قۇيۇلدۇ.
جىلك ھۈنەر ـ سەنئەت بىلەن تونۇلغانسەن،
مەن ئەمەس، قول قويىدۇ پۈتۈن ئالەم.
لەززەتلىك تائامىڭدىن يېسە ئەگەر،
جەننەتنىڭ ئۈستىسمۇ تاڭ قالار ھەم.
غۇرۇرۇم، شەۋكىتىمنىڭ تاجىسى سەن،
ساياق باش ئەمەسمىزكى، پاكىتى سەن.
چاقنايسەن مەڭگۈ دۇنيا ئاسمىنىدا،
ئىلمىنىڭ چولپىنى سەن، شۆھرىتى سەن.

* * *

كۆل قەشقەر، زامان بەرگەن پاراغەتتىن،
بۇ كۆلكەڭ تائەبەتكە ئۈزۈلمىسۇن.
مەڭزىڭدە ياقۇت جامدەك زىناقلىرىڭ،
ساقلانسۇن، ئىككىنچىلەپ بۇزۇلمىسۇن.

ئۇنىڭ سۈزۈك بال سۈيى،
داۋا ئىكەن يۈرەككە.
ئىچسەم قېنىپ ئۇچۇملاپ،
كىردى قۇۋۋەت بىلەككە.

تۆت مىڭ مېتىر چوققىدا
كۆكچى بۇلاق بار ئىكەن.
گۈل - چىمەنزار بويىغا
بۇغا - جەرەن يار ئىكەن.

تۇرار مەغرۇر كوئىنلۇن،
كۆك قەرىگە تاقىشىپ،
كۈمۈش تاجى ھەيۋەتلىك
چوققىسىغا يارىشىپ.

ئاچقىن ئەمدى بۈيۈك تاغ
غەزىنەڭنى — باغرىڭنى.
ۋەتىنىمگە، خەلقىمغە
سۇنغىن بايلىق — بارىڭنى.

1981 - يىل ئاپرېل، چەرچەن - ئاتچاڭ.

# كوئىنلۇن قوشىقى

يولغا چىقتىم تاڭ سەھەر
ماشىنىدا غۇرقىراپ.
بولدى چەرچەن دەرياسى
ناخشامغا جور، شارقىراپ.

كوئىنلۇننىڭ باغرىدا،
ئاتچاڭ دەپ جاي بار ئىكەن.
يايلىغىدا يايرىغان
كالا، قوي، تاي بار ئىكەن.

تاغ چوققىسى ئىكەن قار،
ئېتەكلىرى گۈل باھار.
ياشايدىكەن مالچىلار،
بۇ ماكاندا بەختىيار.

باركەن يەنە بۇ تاغدا،
قارامىرەن دەرياسى.
جانغا ھۇزۇر بېغىشلاپ
ياڭرايدىكەن ناۋاسى.

چىمەن، لالىزار يۇرۇڭگاش بويى،
قايىنار ھەر ياندا ئىشچانلار تويى.
توپاڭ تۇتىيا، جاندىن ئەتىۋار،
ئېزىزلەپ كۆزگە سۈرگىلى كەلدىم.

شادلىنىپ دېھقان كۈلۈپتۇ بۈگۈن،
قەلبىدىن كېتىپ ئەندىشە ـ تۈگۈن؛
ئۇلار كۈلكىسى سېنىڭمۇ كۈلكەڭ.
ئاڭا جور بولۇپ كۈلگىلى كەلدىم.

كوئىنلۈن باغرى ياپيېشىل زىلچا،
توپ ـ توپ بۇلۇتلار بوپتۇ يېپىنچا،
بۇلۇت دەپتىمەن پادا ئىكەن ئۇ،
ئۇنىڭ سانىنى ئۇققىلى كەلدىم.

يۇلتۇز سانىنى بىلىپ بولامدۇ؛
مالنىڭ سانىنى ئېلىپ بولامدۇ؟
يۇلتۇزلار كۆچۈپ چۈشۈپتۇ يەرگە،
يۇلتۇزلار ئارا يۈرگىلى كەلدىم.

بىر مىليون ئادەم ئىناق ـ ئىتتىپاق،
ياشاركەن سەندە ھەممىدە ئورتاق،

# سالام ۋە ئۈمىد

قولۇم كۆكسۈمدە، سالام ئەي خوتەن،
قايناق ھاياتقا چۆككىلى كەلدىم.
بولۇپ مەھلىيا گۈزەل ھۆسنۈڭگە،
يۈرەك كۈيىنى تۆككىلى كەلدىم.

تالاي تاغۇساي، چۆللەرنى كېزىپ،
ئۆزەمنى شۇنچە بەختىيار سېزىپ،
ئاق كۆڭۈل، ئىشچان، باتۇر خەلقىڭنى،
سېغىنىپ يەنە كۆرگىلى كەلدىم.

تارىختا ئايان يىپەك يولىنىڭ،
مەركەز ـ تۈگۈنى بولۇپ كەلگىنىڭ؛
شانلىق تارىخىڭ زەر قۇرى بويلاپ،
شان ئاسمىنىدا ئۇچقىلى كەلدىم.

يىپەك ۋە قاشتاش قوش گاڭ قانىتىڭ،
مېۋە كانى دەپ بار ھەم ئاتىقىڭ.
نەزمە، سەنئەتنىڭ دىڭىزى خوتەن،
كەۋسەر سۈيۈڭدە ئۈزگىلى كەلدىم.

# تاشقورغان خاتىرىلىرى

(چاتما)

## ئارمىنىمغا يەتكەندە

قوينۇڭغا كەلسەم دەپ، تەلپۈنۈپ قۇشتەك،
قانچە رەت تىكتىم كۆز ساڭا تاشقورغان.
ھېچ كەلمەي شۇ پۇرسەت، ئۆتتى تالاي يىل
تولغايدى كۆڭلىنى دىلىمدا ئارمان.

ئارمىنىم ئاخىرى چىقاردى قانات
كۆك يېرىپ مۇز تاغقا ئەيلىدىم پەرۋاز.
خۇش كەپسىز دەپ سالام بەردى چوققىلار
بولۇتلار ئاستىمغا سالدى پاياندار.

شادلاندىم يەتكەندەك يارىم ۋەسلىگە،
ئېھ، كۆڭلۈم ھاياجان دەرياسى گويا.
باقمەن بۇ گۈزەل دىيار ھۆسنىگە،
ئاڭا چىن يۈرەكتىن بولۇپ مەھلىيا...

سۈزۈك قاشتېشى جامىڭدا بۈگۈن،
دوستلۇق مەيدىن يۇتقىلى كەلدىم.

پاراغەت يولى ئەمدى ئېچىلدى،
پارتىيە نۇرى ھەر يان چېچىلدى،
بىر مىليون باينى كۆرەي كېلەر يىل،
ئۈمىد ئۇرۇقى تەرگىلى كەلدىم.

1981 - يىل 11 - ئاپرېل، خوتەن.



ئاپەتلىك يىللارنىڭ رەھىمسىز قولى،
ئۇلارنىڭ بېشىغا سالسىمۇ كۆلەت؛
بۇنى ئەپ پۇرسەت دەپ چىللىسىمۇ يات،
ھەتتا كۆز قىرىنى سالمىغان پەقەت.

ئەلا دەر ئۆزگە يۇرت سۇلتانلىقىدىن،
ئۆز ئانا يۇرتىنىڭ ئۇلتانلىقىنى.
ھەر گىيا، ھەر تاشقا ئىشقى بىر دېگىنىز،
كۆر، ئاڭا جان پىدا قىلغانلىقىنى!

## تىزناپ دەرياسى

ئۆتىدۇ قانچە توقاي، جىلغىلاردىن،
يوگەنسىز ئارغىماقتەك چاپچىپ تىزناپ.
ئەينەكتەك يالتىرايدۇ سۈزۈك سۈيى،
ئاقىدۇ ئوخچۇپ، ھەيۋەت دولقۇن ياساپ.

تىزناپنىڭ ئىككى قېتى يايلاق، چىمەن،
يايرايدۇ ئاق بولۇتتەك چارۋاماللار.
ئەي تىزناپ، سۆيۈك شېرىن كەۋسەرىڭدۇ،
قانمايدۇ ئىچىپ چوپان يىگىت، چاللار...

زۇمرەتتەك سۇ يۈزىدە قىلار جىلۋە،
ئاقباش تاغ، سۈزۈك كۆك ھەم بولۇت ئەكسى.

## مۇز تاغدىكى شۇڭقارلار

كۆزىدىن ئوت چاقنار ھەربىر جەڭچىنىڭ،
مۇز تاغدا كۆزەتتە تۇرىدۇ ھوشيار.
ئەل ئىشقى ئۇلارغا بەرگەن گاڭ قانات،
ھەربىرى قۇزغۇنغا ئېتىلغان شۇڭقار.

كۆزىدە ئوت كۆردۈم، قەلبىدىمۇ ئوت،
ئاشۇ ئوت تۇتاشقان ۋەتەن مېھرىدىن.
قار-مۇزغا كۈنۈ-تۈن ياقىدۇ كۆكرەك،
يالقۇنجار قەيسەرلىك، مەردلىك چېھرىدىن.

ئاشۇ مەرد شۇڭقارلار باركى چېگرىدا،
ۋەتەنگە قۇزغۇنلار سالالمايدۇ چاڭ.
كەڭ قۇچاق ئاچىدۇ بەخت دىلبىرى،
تائەبەت نۇرلىنىپ ئاتىدۇ ھەر تاڭ.

## ئانا يۇرت مۇھەببىتى

جېنىدىن كەچسىمۇ كەچمەيدۇ ھەرگىز
تاجىكلار ئۆزىنىڭ ئانا ئېلىدىن.
ۋاپانى ھەممىدىن بىلىدۇ قىممەت،
يالقۇنجار ساداقەت ئوتلۇق دىلىدىن.

## ئۆرلە، قىزىلسۇ

پارلاق ھاياتنى كۆرۈپ قوينۇڭدا،
چەكسىز شادلىققا چۆمدۈم، قىزىلسۇ.
يېشىل مەخمەلدەك ئوتلاقلىرىڭدا،
ئازادە يايراپ كۈلدۈم، قىزىلسۇ.

كۈلۈپتۇ دەريا، قات ـ قات تاغلىرىڭ،
كۈلۈپتۇ گۈلگە تولغان باغلىرىڭ،
كۈلۈپتۇ مالچى، كۈلۈپتۇ دېھقان،
كېلەتتى شۇنى كۆرگۈم، قىزىلسۇ.

مەھكەم ئۇيۇشقان ھەر مىللەت خەلقى،
گۈزەل ئىقبالغا تەلپۈنۈپ قەلبى،
تېخىمۇ ئاۋات ئوبلاست قۇرۇشقا،
تاشلاپسەن مەزمۇت قەدەم، قىزىلسۇ.

ئىگىلىك يەنە تاپقۇسى راۋاج،
پارتىيە نۇرى يولنى يورۇتقاچ،
ئۆرلەيسەن زەپەر كۆكىدە جەزمەن،
ئىشەنچىم كامىل بۇ دەم، قىزىلسۇ.

بويۇگدا چوپانلارنىڭ شاد كۈلكىسى
جور بولۇپ ناخشىلارغا ياڭرار تەكشى.

سائادەت قۇچاق ئاچقان ساڭا تىزناپ،
تاجىكلار چېھرىدىن بۇ ئايان ئىكەن.
خۇشاللىق ياڭراپ تۇرغان شاۋقۇنلىرىڭ
دەۋرانغا ئوقۇلغان كۈي ـ داستان ئىكەن.

1981 ـ يىل 23 ـ ئاپرېل، تاشقورغان.

## پارتىيە دېسەم...

ھايات بەخش نۇرنى چاچمسا قۇياش،
قالامدۇ زۇلمەتتە پۈتكۈل يەر ـ جاھان؟!
سۇرمىسە نەۋباھار جۇت قىشنى يىراق،
ئېچىلىپ گۈل ـ چېچەك، ياشنامدۇ بوستان؟!

قۇياشنى پارتىيە دېسەم مىسالى،
زەر نۇرى ـــ خەلقىمغە چېچىلغان مېھرى.
شۇ نۇردىن ئۆرتىلىپ مىڭ يىللىق كۈلپەت،
كۈلكىنى قىلدى يار ۋەتىنىم چېھرى.

شۇڭلاشقا پارتىيە دېسەم شادلىنىپ،
ئۆزۈمنى قۇدرەتلىك پەرھات سېزىمەن.
توسسا تاغ، باغرىنى يېرىپ، باشلاپ بال،
كەلگۈمىز بېغىنى ياساپ، كېزىمەن.

پارتىيە، ئۆزەڭسەن بەختىم، پاناھىم،
ئىشقىڭدا بۇلبۇلدەك سايرايمەن ئەبەت.
ھەر قېتىم نامىڭنى ئالسام تىلىمغا،
ئۇرغۇيدۇ قەلبىمدە ئوتلۇق مۇھەببەت.

1981 ـ يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى.

ئۆرلە قىزىلسۇ، گۈللە قىزىلسۇ،
گۈلگە پۈركەنسۇن چۆللەر، قىزىلسۇ.
پاراغەتلىك باغ بولسۇن قۇچىقىڭ،
تولسۇن قىمىزغا كۆللەر، قىزىلسۇ.

1981-يىل 1-ماي، ئاقچى.



# قەلب كۈيى

——پارتىيىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن.

ئاتمىش يىل،
نۇر بىلەن يېزىلغان تارىخ
بېتىدە چاقنايدۇ ئالتۇن ئەنئەنە.
شۇ تاپتا قاپلىدى ھەممىلا يەرنى،
خۇش ناۋا، شاد ئالقىش، قىزغىن تەنتەنە.

قولۇمغا گاڭ قەلەم ئالدىم، جان دوستلار،
قەلبىمدە سۆزۈم كۆپ، قىلاي مەن بايان.
ئەسلىسەم تارىخنى، شانلىق سەھىپە،
قوزغايدۇ دىلىمدا ئوتلۇق ھاياجان.

پارتىيەم يوقسۇللار پاناھى ئۆزەڭ،
غەمگۇزار ئانىسەن، ئۇلۇغ جانجان.
مېھرىبان چېھرىڭگە باقسام ھەر قېتىم،
ئېسىمگە كېلىدۇ شۇم ئۆتمۈش زامان...

ئۇ چاغلار...

# پورەكلەپتۇ بىر غۇنچە

— «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ نەشر قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن.

تۇرپاندا پورەكلەپتۇ بىر ئۈز غۇنچە،
كەلگەچكە خاسىيەتلىك گۈزەل كۆكلەم.
ئۇنىڭغا زوقى كېلىپ شائىرلارنىڭ،
بەس-بەستە قوللىرىغا ئاپتۇ قەلەم.

مەن شائىر ئەمەس، ئەمما گۈل خۇمارمەن،
غۇنچىنى سۆيىدىغان، ئاسرايدىغان.
ھۆسنىگە تولسا كۈلۈپ چېچىپ ئىپار،
ئىشقىدا بۇلبۇل بولۇپ سايرايدىغان.

كەل دوستۇم، سۇغىرايلى شۇ غۇنچىنى،
يۈرەكنىڭ ساپ قېنىنى قىلىپ كەۋسەر.
ئاسرايدۇ، ياشنىتىدۇ قىلماي غازاڭ،
بېغىنى سۆيگەن باغۋەن — مەردانە ئەر.

1981-يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى.

تىك تۇردى ئورنىدىن قەددىنى رۇسلاپ،
چەيلەنگەن جۇڭغار ھەم كەك تەكلىماكان.
تەڭرىتاغ كۆكسىدە جەۋلان قىلغاچ تۇغ،
ياشنىدى ھۆسنىگە تولۇپ بۇ ماكان.

يوقسۇللار بېشىدىن كەتتى يوقسۇزلۇق،
باشلاندى ھۆر تۇرمۇش شۇنچە پاراۋان.
شادلىقتىن ئاسمانغا يەتتى بېشىمىز.
پارتىيەم كۆرسەتكەچ داغدام يول—نىشان.

جانىجان پارتىيەم، ئۇلۇغ پارتىيەم،
باشلىدى خەلقىمنى يېڭى سەپەرگە.
قۇدرەتلىك سەل بولۇپ ئاقتۇق كەينىدىن،
نۇرانە پەللىگە، شانلىق زەپەرگە.

ئېقىنىنى توسسا گەر لاتقا-لۆجىلەر،
بۆسىمىز شۈبھىسىز، بىز ھامان قابىل.
شۇ گۈزەل ئەتىگە يېتىمىز چوقۇم،
پارتىيەم مەدەتكار، ئىشەنچە كامىل.

1891-يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى.

ئۇيلىساق ئاھ قانداق دەھشەت!
زۇلمەتتە ئىڭرايتتۇق، قىينىلاتتى جان.
دەرد ـ ئەلەم غىزاسى ئىدى يوقسۇلنىڭ
ئۆتكەنتۇق زار قاقشاپ كۆرمەي پۈتۈن نان.

يوقسۇزلۇق گاللاردىن قىسقان ئامبۇردەك،
تۆكۈلگەن كۆزلەردىن ياش ئورنىغا قان.
مۇستەبىت زالىملار ئوينىتىپ قامچا،
يىلىكنى شورۇشۇپ سۈرەتتى دەۋران.

زۇلۇمغا چىدىماي قانچىلاپ يوقسۇل،
يۇرتىدىن باش ئېلىپ بولاتتى سەرسان.
مۇدھىش تۈن ئىلكىدە بوغۇلۇپ نەپەس،
چىرايلار سارغىيىپ، كەتكەنتى دەرمان...

پارتىيەم، تۆكۈلگەچ مېھرى ئاپتىپىڭ،
نۇرلىنىپ كەڭ زېمىن سۈزۈلدى ئاسمان.
قوغلىنىپ قارا جۇت، گۇم بولۇپ زۇلمەت،
كەلمەسكە كەتتى ئۇ لەنىتى زامان.

يۈز ئاچتى يېپيېڭى بىر جاھان بىزگە،
كەڭ ۋەتەن ئېتىگى كۈلدى شادىمان.
يوقسۇللار قولىغا ئۆتتى يەر ـ زېمىن،
گۈللەرگە پۈركىنىپ بولدى، چۆل بوستان.

# يۈرەك ساداسى

كومپارتىيە، كۈيلىسەم سېنى،
ھاياجانغا چۆمىلەر دىلىم.
گۈل ئىشقىدا بۇلبۇل تاڭ سەھەر
سايرىغاندەك سايرايدۇ تىلىم...

بېسىپ ئۆتتۈڭ قۇچۇپ شان-زەپەر،
شۇنچە مۈشكۈل ئۇزۇن سەپەرنى.
قىزىل تۇغنى كۆتۈرۈپ ئېگىز،
يەڭدىڭ نى-نى پېشكەل-خەتەرنى.

قانچە داۋان، قاتمۇقات توساق،
توسالمىدى سېنى يولۇڭدىن.
ئەقتىك گۆرگە باتۇرلۇق بىلەن،
چىقسا قويۇن قايسى بۇلۇڭدىن.

كۆرەشلەردە ئۇلغايدى سېپىڭ،
كۈندىن-كۈنگە قۇدرەتكە تولۇپ.
بىر مەرد يىقىلسا قېتىلدى شۇ ئان.
مىڭلاپ قەھرىمان پەيداكار بولۇپ.

# كومپارتىيەم

## (ناخشا تېكستى)

ۋەتەن كۆلدى بولۇپ بوستان،
پاراغەتلىك زامانىڭدا.
ئۇرۇپ خەندان تۈمەن بۇلبۇل،
قوشاق قاتتى باھارىڭدا.

ئۆزەڭ چاچقاچقا نۇر پارلاق،
سائادەت قوش، ھايات قايناق.
تۇرار چاقناپ گۈزەل ئىقبال
بۈيۈك شانلىق پىلانىڭدا.

كەمەرنى باغلىدىڭ بەلگە،
بېرىپ ئىلھام پۈتۈن ئەلگە،
شىجائەت قۇدرىتىڭ ھەر دەم،
نامايانذۇر شوئارىڭدا.

1981-يىل ئىيۇل، ئۈرۈمچى.

قىلىپ ئۇلارنى يەر بىلەن يەكسان،
ساقلاپ قالدىڭ بىزنى خەتەردىن.
يۈرىكىمىز سۆيۈندى چەكسىز،
بۇ ئۇلۇغۋار شانۇزەپەردىن.

كومپارتىيەم، سەن بولغاچ يولباش،
گۈزەل ۋەتەننىڭ بۈگۈنى شۇنچە.
زوقلاندۇرار دىللارنى ئەجەب،
پارلاق ئەتە-ئۆگۈنى شۇنچە.

سەن ھەممىدە كاپالەت بىزگە،
بىرسەن جەڭدە جاسارەت بىزگە.
سەن كۆرسەتكەن يولدا چىڭ تۇرۇش،
ئەڭ زور بەخت-سائادەت بىزگە.

بۇ يېڭى ئۇزۇن سەپەردە ساڭا،
قېتىلدى زور شان-شەرەپ يەنە.
قۇتلۇقلاپ بىز ئۇتۇقلىرىڭنى،
چىن يۈرەكتىن قىلدۇق تەنتەنە.

ئەتراپىڭغا ئۇيۇشۇپ مەھكەم،

يۇقسۇللار چىڭ تۇتۇپ يېشىڭدىن،
ماڭدى گۈزەل ئىقبالنى كۆزلەپ.
سەن يېپيېڭى تارىخ ياراتتىڭ،
ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ ـ تۈزلەپ.

ئۈچقۇنلاردىن ئۆرلىگەن يالقۇن،
زۇلمەت تۈننى ئۆرتىدى ئاخىر.
بىزگە نەدىدى بۇ كۈن پارتىيەم،
سەن بولمىساڭ ھەممىگە قادىر؟!

ياتلار پۇتىدا چەيلەنگەن ۋەتەن،
ياشنىدى بۈگۈن ئاجايىپ گۈزەل.
بولۇپ مەپتۇن گۈل جامالىغا،
بۇلبۇللار شاد ياڭرىتار غەزەل.

سەن ۋەتەنىنىڭ قەددىنى گويا،
كۆتەردىڭ تىك يەردىن ئاسمانغا.
كۈيلىسە ئەل ئۇلۇغلۇقۇڭنى،
سىغدۇرالماس مىڭلاپ داستانغا.

قارا نىيەت لىن بياۋ، تۆت جىن،
رولنى تەتۈر بۇرىماق بولۇپ؛
قۇترىغاندا زۇلمەتنى تېڭىپ،
بەخت گۈلىنى قۇرۇتماق بولۇپ؛

## نۇرلاندى دىللار

چىراغلار ئىلكدە خەلق سارىيى،
چىراغتەك نۇرلانغان مىگلىغان چىراي.
مۇنبەردىن ياڭرايدۇ دىللاردىكى گەپ،
ئۇندەيدۇ غەيرەتتە ئىشلەشكە ھارماي.

مۇنبەردە سۆزلىنەر ئۇتۇق، شان-شەرەپ،
مۇنبەردىن كۆرۈنەر كەلگۈسى يوللار.
گۈلدۈراس ئالقىشلار ئۈزىدۇ سۆزنى،
چىن ئىشەنچ چاۋىكى ياڭرىتار قوللار.

قۇرۇلۇش دەۋرىنىڭ سەپەر كارۋىنى،
ھەيۋەتلىك قەدەمدە ئالغا باسىدۇ.
تىپىپ كۈچ خەلقىمىز قارار-پەرماندىن
يىللارغا زەپەردىن مارجان ئاسىدۇ.

خەلقىنىڭ نامىدىن چالايلى چاۋاك،
خەلقىنىڭ نامىدىن كۆتۈرەيلى قول.
پاراسەت تامچىسى تامسۇن پىكىردىن،
تامچىدىن ھاسىلدۇر دەريا بىلەن كۆل.

بۇيرۇقۇڭنى قىلىمىز ئادا.
كومپارتىيەم، سادىق جەڭچىڭ بىز،
بۇ يۈرەكتىن ياڭرىغان سادا.

1981 ـ يىل ئىيۇل، ئۈرۈمچى.



## باھار كەلدى

زىمىستان قىش ئۆتۈپ كەتتى،
توڭمۇ ئېرىپ پۈتۈپ كەتتى.
نەۋباھاردا ئىللىق شامال،
سوغ ھاۋانى سۈرۈپ كەتتى.

قاتار ـ قاتار تۇرنا كەلدى،
نەۋباھار دەپ مۇقام تولاپ.
ئەگىزگە لىق تولۇپ ئۆستەڭ،
ئاقتى لۆمشۈپ دولقۇن ياساپ.

باھار كەلدى، خۇش چاغ كەلدى،
شاۋقۇنلاندى يەنە ھايات.
دېھقان كۆچتى ئېتىز ـ قىرغا،
ئېتىز ــ بازار، ئېتىز ئاۋات.

نەم تۇپراقتا چۈشتى ئۇرۇق،
چۈشتى ئىشەنچ، چۈشتى ئارزۇ.
ساپ تەر بىلەن يازار داستان،
قويۇپ دېھقان يېڭى ماۋزۇ.

چىراغلار ئىلكىدە خەلق سارىيى،
نۇرانە سارايدەك نۇرلاندى دىللار.
قوللارنى قوللارغا تۇتۇشايلى چىڭ،
تېخىمۇ نۇرلانسۇن بىز ماڭغان يوللار.

1981-يىل 1-دېكابىر، بېيجىڭ.



# كۆكەرتەيلى ۋەتەننى

قولۇمغا ئال پولات كەتمەن،
ۋەتەننى سۆيگۈچى بولساڭ.
سالايلى بىز جىرىم رەت-رەت،
ئوتىدا كۆيگۈچى بولساڭ.

ۋەتەن گۈل بىرلە گۈلزاردۇر،
دەرەخ-ئورمان بىلەن بوستان.
كۆكەرتەيلى ئانا يەرنى،
بولۇپ كەتسۇن يېشىل ھەر يان.

چىگىپ ئالسۇن ئېتىز-قىرلار،
كۆلۈپ مەخمەل پوتا ئەمدى.
ياسانسۇن قىز-كېلىنلەردەك،
جىرا، قاپتال، دالا ئەمدى.

ۋەتەننى باغ-ۋاران ئەيلەپ،
ياسايلى قوينىدا جەننەت،
كۆرۈپ بوستاننى ئەۋلادلار،
دېگەي بىزلەرگە مىڭ رەھمەت.

1982-يىل مارت، ئۈرۈمچى.

كۆمىلدۈ باقساڭ ئەتە،
گۈل ـ چېچەككە بار كائىنات.
بەرقۇت ياپار ئېتىزلارغا،
هالال ئەمگەك، چىن ئىجتىهات.

باهار كەلدى، كۆڭۈللەرگە،
شېرىن تۇيغۇ ـ هېسلار سېلىپ.
باهار كەلدى، يىللىق ئىشقا،
مەدەت بېرىپ، ئىلهام ئېلىپ.

1982 ـ يىل مارت، ئۈرۈمچى.

كۆچمەكتە ماللار، باش يا ئايغى
كۆرۈنمەس پەقەت كۆزنى تىككەنگە.
سىياسەت ئىشەنچ بەردى مالچىغا،
تۈگمەس شادلىق قانچە دېگەنگە.

1982-يىل مارت، ئۈرۈمچى.

# كۆكلەم ئاۋات

پاھ، سۇرۇلگەندەك رەڭدار بۇلۇتلار،
كۆچمەكتە ماللار كۆكلەمگە قاراپ.
جاراڭلار خۇشال شاۋقۇن-سۇرەنلەر،
باھار پەيزىگە چۆمۇلدى ئەتراپ.

"مالىڭ ئامانمۇ؟" — بۇ گەپ كۆكلەمدە،
سالام ئورنىدا ئىززەت-ئېھتىرام.
مال ئۇچۇن كۆيۇپ يانغان دىللارنىڭ،
تەپتى شۇ سۆزدىن ئاياندۇر تامام.

ئاشۇ سۆز بىلەن دىلدىن دىللارغا،
ئېقىپ كىرىدۇ ئوتلۇق ھارارەت.
ئاشۇ ھارارەت يېڭىلمەس بىر كۈچ،
شۇ كۈچ ئەپكېلەر كۆكلەمگە ئامەت.

بۇندا كۆز ئاچار يورۇق ئالەمگە.
ھېسابسىز قوزا، ئوغلاق — يېڭى جان.
سەكرەر شادلىقتىن قىنىغا سىغماي،
مالچى قەلبىدە قوزغاپ ھاياجان.

مۇنبەردىن قەلب سۆزى ياڭرىدى ھەر يان.
خەلقىمىز ئۈمىدى قالمىدى يەردە.
بەختىمىز ھۆججەتتە بولدى نامايان.

ھە، ئەمدى بىمالال بېرىمەن جاۋاب،
ھەر دېھقان يۈرىكى كەتكۈسى يايراپ.
قازانمۇ، چۆمۈچمۇ ماي بولۇر، ئەبەت،
يوقسۇزلۇق دەردىدە يۈرمىگەي قاقشاپ.

ئۇزۇن يىل ئۆزگەرمەس ھەرگىز، سىياسەت،
دېھقانلار بەختىگە بۇ چوڭ كاپالەت.
دىللاردىن ئەندىشە قوغلاندى يىراق،
يۇرتۇمغا كەڭ قۇچاق ئاچقاي سائادەت.

قۇرۇلتاي روھى كۈچ بەردى ھەممىگە،
ھەر سۆزى شەربەتتەك سىڭدى قەلبىگە.
پارتىيەم كۆرسەتكەن داغدام يول بىلەن،
شان قۇچۇپ ئۆرلەيمىز يۈكسەك پەللىگە.

1982 ـ يىل سېنتەبىر، بېيجىڭ.

## شان قۇچۇپ ئۆرلەيمىز يۈكسەك پەللىگە

—— پارتىيە 12 - قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن.

قۇرۇلتاي ئېچىلدى، يورۇدى دىلىم،
بۇلبۇلدەك شوخلىنىپ سايرىدى تىلىم.
جور بولدى ناخشامغا تاغۇدەر يالار،
تەنتەنە، شادلىققا چۆمۈلدى ئېلىم.

كۆردۈمەن نۇرانە ئىقبال، نىشاننى،
قەدەمدە شان قۇچۇپ باسقان جەرياننى.
پارتىيەم مېھرىدىن نۇر چاچتى كۆندەك،
ئەمەلگە ئاشۇردى كۈتكەن ئارماننى.

يادىمدا، بېيجىڭغا ماڭسام ئاتلىنىپ،
ئۇزاتقان دېھقانلار مېنى شادلىنىپ.
دېيىشكەن: "يەتكۈزۈڭ ئارزۇيىمىزنى،
بەختىمىز تېخمۇ كۆلسۇن قاتلىنىپ..."

قۇرۇلتاي ئېچىلدى، دىلدا ھاياجان،

مۇقەددەس ئاساسىي قانۇننى بىر چاغ،
تۆت مەرەز مەيلىچە قىلىشتى پايخان.
بۇزۇقلار ئەزۋەيلەپ مىندى شىللىگە،
زورلۇقتىن قاقشىدى ئاق كۆڭۈل ئىنسان.

شۇ چاغدا زارىقىپ كۈتكەنتى خەلقىم،
تۆرەلسە يالقۇندىن يېڭى قانۇن دەپ.
ھە، بۈگۈن شۇ ئارمان ئاشتى ئەمەلگە،
قانۇنغا يېزىلدى كۆڭۈلدىكى گەپ.

ئۇنىڭدا ھەر مىللەت ھۆرمەت تۆرىدىن،
شۇنچە باپ-باراۋەر ئالغان تەڭ ئورۇن.
ئايرىلماس ئېگىز-پەس، ئالىي ۋە خار دەپ،
ئېچىلغان ھەممىگە ئىللىق كەڭ قويۇن.

باركى بۇ مۇقەددەس ئاساسىي قانۇن،
خەلقىمنىڭ تاغ كەبى ئىناۋىتى بار.
ئۆرلەيدۇ ۋەتىنىم قۇدرەتكە تولۇپ،
كەتمەيدۇ قوينىدىن مەڭگۈ نەۋباھار!

1982-يىل دېكابىر، بېيجىڭ.

# ئاسسي قانۇنغا مەدھىيە

نېمشقا ناخشامنى ياڭراتماي شۇ تاپ،
سائادەت دەستۇرى تۈزۈلگەن تۇرسا؟!
كەلگۈسى غەزنىگە ئۈنچە ـ جاۋاھىر،
پاراسەت كۆلىدىن سۈزۈلگەن تۇرسا؟!

* * *

ئاساسي قانۇننىڭ ئالتۇن قۇرلىرى،
ئوتقاشتەك تاۋلىنار ئالدىمدا شۇ دەم.
شادلىقتىن مەۋج ئۇرار قەلبىم دولقۇنى،
ھاياجان ئىلكىدە كىرپىكلىرىم نەم.

ئادالەت نۇرىدىن يارالغان قانۇن،
ياشىنار بەختىمىز بېغىنى كۆركەم.
ئۇنىڭدا ئەجدادلار ئارمانلىرى بار،
ئۇنىڭدا خەلقىمىز ئەقلى مۇجەسسەم.

ئاساسي قانۇن بار، ئەركىن نەپەس بار،
قىلىنماس دەپسەندە ئىنسانىي ھوقۇق.
ياياشقا چىن ھايات گۈلشەنلىرىدە،
بېرەر ئۇ كاپالەت ھەركىمگە تولۇق.

چۈمدى تەنتەنە شادلىققا تامام،
تارىم، زەرەپشان، يۇ ۋگقاش بويى.
چالدى ناغرىنى بۇرغا، ماتورلار،
قىزىپ كەتتى زەپ جەنۇبنىڭ تويى.

كۆتۈرمەكتە قەد تەسەۋۋۇرۇمنىڭ،
ئەينەكلىرىدە سانسىز زاۋۇت ـ كان.
كۆرۈنمەكتە چۆل گۈلشەن باغ بولۇپ،
قۇم بارخانلىرى ئالتۇن چەش ـ خامان:

ئۇچماقتا تارىم بويىدا ھەيۋەت،
غالىب ئەۋلادنىڭ ھارماس دۇلدۇلى.
ئاچماقتا قۇچاق جەنۇب خەلقىغە،
كوممۇنىزمنىڭ كەڭ ـ داغدام يولى.

بۈگۈن شادلىقىم ئۆزگىچە مېنىڭ،
تومۇرۇمدا قان قىلار تەنتەنە.
بىلسەم بۇ خۇشلۇق ـ شادلىق ھارپىسى،
ھەقىقي شادلىق، ئالدىمدا يەنە.

1977 ـ يىل، ئىيۇن،
قاغىلىق ـ ئۇششارباش.

# تەنتەنە

"تەكلىماكاندىن نېفىت چىقتى" دەپ،
شاد قىلىپ دىلنى كەلدى خۇش خەۋەر.
تەشنا ـ تەقەززا بولۇپ تۇرالماي،
كۆكيارغا قاراپ قىلدىم مەن سەپەر.

پەلەككە يەتكەن فونتاننى كۆرۈپ،
دىلىم سۆيۈنۈپ كەتتى شۇ قەدەر.
نېفىتچىلارنى بېسىپ باغرىمغا،
دېدىم: "مۇبارەك سەن قۇچقان زەپەر!"

تەكلىماكاندىن نېفىت ـ گاز ئالماق،
مۇددىئا ئىدى ئەزەلدىن بۇيان.
كۆلدى ئەسىرلەر ئارزۇسى بۈگۈن،
زامان چاقى تۈز ئايلىنىپ شۇ ئان.

ئەجدادىمىزغا سىرىن بەرمىگەن،
تىلسىمنىڭ بۈگۈن ئېچىلدى بوينى.
قۇدرىتىمىزگە قول قويۇپ دىلدىن،
دېدى "مەن سېنىڭمىي"، ئېچىلدى قوينى.

تىرىشچان خەلقىمىز سىنىڭ بىلەنلا،
كۈچ-قۇدرەت تاپىدۇ ياشناپ ئېلىمىز.

تارىخىي بۇرۇلۇش ئاشىدۇ ئىشقا،
بىزنىڭ قەيسەرانە كۈرەشتە چوققۇم.
دانا كومپارتىيە بولغاچ سەركەردە،
جىمى توسقۇنلارنى خەلقىم قىلار گۇم.

ئىناق ۋە ئۇيۇم بىزدە جىمى مىللەتلەر،
نىيەت بىر، چامدايمىز توختىماي ئالغا.
ھېچكىم ئايرىيالماس بىزنى بۇ سەپتىن،
گۈل ئۈنەر، سۆيگۈدىن بىز ماڭغان يولدا.

نۇر بىلەن شانلارغا تولغان ئىستىقبال،
تاغلاردىن يۈكسەكتۇر بىزنىڭ ئىرادە.
پارتىيە قوماندان، بىز سادىق جەڭچى،
جان بىلەن كاپالەت ئاڭا ھەر يەردە.

سۆيۈملۈك پارتىيە، قۇرۇلتىيىڭغا
قاتناشتىم بۈگۈن مەن شادلىق ئىچىدە.
كۈرەشچان سېپىڭگە مەنمۇ بىر ئەزا،
بۇيرۇقۇڭ كۈتىمەن جەڭدە، ھەممىدە.

پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن،
كوممۇنىست قورقمايدۇ مۈشكۈل، خەتەردىن،

# قولىمىزدا كوممۇنىزم بايرىقى

شادلىنىپ سوقىدۇ مىليونلاپ يۈرەك،
بېيجىڭغا باقىدۇ ساناقسىز جۈپ كۆز.
قۇرۇلتاي① مۇنبىرى ياندى شەپەقتەك،
قۇياشنىڭ تەپتىنى سېزەر خەلقىمىز.

چاڭئەن رەستىسىدە يۇلتۇزدەك چىراغ،
تيەنئەنمىن كۆكىدە لەپىلدەر بايراق.
ھەيۋەتلىك تۇس ئالدى خەلق سارىيى،
بېغىشلاپ دىللارغا ئىلھامنى قايناق.

مىڭلىغان مۇنەۋۋەر ئوغلان بۇ يەردە،
خەلقىمىز ئۈستىكىنى قىلار نامايان.
ئۇلۇغۋار قۇرۇلۇش دولقۇنى ھەر تاڭ،
ئۆرلەيدۇ بۇ يەردىن باشلىنىپ ھامان.

سۆيۈملۈك پارتىيە، سەن ئۆزۈڭ رولچى،
ئۇيقۇنلار ياردۇ بىزنىڭ كېمىمىز.

---

① پارتىيە 12-قۇرۇلتىيى.

# ۋەتەن تويىغا

ۋەتەن قوينى ياپيېشىل دۇنيا،
يېشىل دۇنيا ئۇغلاق تارتىپتۇ.
بۇ — دەۋرنىڭ بەركىتىمكىن،
ۋەتىنىمنىڭ شەۋكىتىمكىن،
توي ئەھلىدە شادلىق ئارتىپتۇ.

قولنى قولغا تۇتقان ھەر مىللەت،
گۈزەل، پارلاق ئەتىمىز ئۈچۈن.
ھەر چىرايدىن تال-تال نۇر ياغار،
گىرەلەشكەن دىللار بىغۇبار،
سۆيۈندۇ دەۋرىمىز ئۈچۈن.

ئاتا كەبى ۋە ئانا كەبى،
مېھرىباندۇر بىزگە پارتىيە.
كۈن نۇرىنى بېرىپ ئۇ بىزگە،
بەخت يولىنى بەخش ئەتكەن بىزگە،
شۇڭا دىلدا پۈتمەس مەدھىيە.

يوللار داغدام، نۇرلۇقتۇر نىشان،
ئالدۇق بۈگۈن تىزگىننى قولغا.

قۇرۇلۇش سىپىدە، ئىجاد سىپىدە
داستانلار يازىمىز شانلىق زەپەردىن.

پارتىيە تۈزگەن بۇ نىزامنامىدىن
كوممۇنىزم نۇرلىرى تۇرىدۇ چاقناپ.
پارتىيە تۇغىنى كۆتۈرۈپ ئېگىز،
ماڭىمىز مەنزىلگە چوڭ قەدەم تاشلاپ.

1982-يىل سېنتەبىر، بېيجىڭ.



# يەنە كەلدىم قوينۇڭغا

ئۇلۇغ بېيجىڭ — ئاستانەم، يەنە
تەڭرىتاغدىن كەلدىم قوينۇڭغا.
دولقۇنلىنار يۈرىكىم يايراپ،
گىرە سالسام سېنىڭ بوينۇڭغا.

بېيجىڭ سېنىڭ ئۇلۇغۋار نامىڭ،
ئىسسىتىدۇ خەلقىم قەلبىنى.
تىلەك - دەۋىتىڭ، ئەمىر - پەرمانىڭ،
نۇرلاندۇرار گۈزەل ئەتىنى.

تيەنئەنمېندە جۇلالىنار تۇغ
خەلق سارىيىدىن ئاڭلىنار نۇتۇق.
تاشقا باسقان مۆھۈردەك ئەستە
يۈرۈشلەرگە چۈشكەن ھەر بۇيرۇق.

ئەقىل بەردىڭ ماڭا، پارتىيە،
ساغلام ئۆستۈم تەربىيەڭ بىلەن.
يېتىلەيسەن، چامدايمەن ئالغا،
ھەربىر قەدەمدىن ئۈنەر گۈل - چىمەن.

ئىشلار بارار ئەمدى ئىتمىلىق،
ساۋاقلاردىن بولدۇق ئەقىللىق،
جان تەسەددۇق بۇ توغرا يولغا.

دەۋرىمىزنىڭ شانلىق نىشانى،
بىزنى باشلار غالىب كۈرەشكە.
قەيسەرانە شىجائەت بىلەن،
تولۇق ئىشەنچ، پاراسەت بىلەن
تەر تۆكىمىز ئەلنى گۈللەشكە.

1982 ـ يىل، ئۆكتەبىر.



# يېڭى شىنجاڭ قورىمىز

— ئاپتونوم رايونلۇق 3 ـ قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيىغا بېغىشلايمەن.

جىلغىگە، تەگرىتاغ ئۇسسۇلدا،
كوئىنلۇن ياڭرىتار ناخشا ـ كۈي.
ئىتتىپاق ۋە ئىناق ھەر مىللەت،
شاد ـ خۇرام ئوينايدۇ بۈگۈن توي.

پارتىيەم يول باشلاپ ماڭغاچقا،
شىنجاڭدا بولدى زور ئۆزگىرىش.
ئىگىلىك كۆنسېرى گۈللەندى،
پاراغەت بەخش ئەتتى يۈكسىلىش.

جان شىنجاڭ، بىر ياقۇت زېمىن سەن،
يوشۇرۇن كۈچۈڭ زور، تۈگىمەس.
بايلىقىڭ ھېسابسىز، سانىغا
ئاسماندا يۇلتۇزلار يېتەلمەس.

پارتىيە چاقىردى قوينۇڭنى
سەنەمنىڭ بېغىدەك گۈللەشكە.

ئىشىمىزنىڭ يادروسى ئۆزۈڭ،
تۆتلىشىشكە باشلايسەن ئەلنى.
قۇرماق ئۈچۈن كوممۇنىزمنى،
باغلىغانسەن شۇنچە چىڭ بەلنى.

دادىل ماڭىمەن تەۋرەنمەي مەڭگۈ
سەن باشلىغان نىشانغا قاراپ
كوممۇنىستمەن، ئۆتىمەن سېنىڭ
ئىشلىرىڭغا جاننى بېغىشلاپ.

خەۋپ-خەتەرلىك چوققا بولسىمۇ،
قانچە قىيىن ئۆتكەل بولسىمۇ،
ياندۇرالماس ماڭغان يولۇمدىن،
بوران-چاپقۇن ھۇۋلاپ تۇرسىمۇ.

قۇرغۇچىلار سېپىدە ئەبەد،
مەرد جەڭچىمەن، ئالغا قارايمەن.
سىناپ كۆرگىن مېنى، پارتىيەم،
ھە نە مۇشكۈل جەڭگە يارايمەن.

* * *

ئۇلۇغ بېيجىڭ — پايتەختىم، يەنە
تەڭرىتاغدىن كەلدىم قوينۇڭغا.
دولقۇنلىنار يۈرىكىم يايراپ،
گىرە سالسام سېنىڭ بوينۇڭغا.

1982-يىل نويابىر، بېيجىڭ.

# كۆيلەيمەن سېنى شىنجاڭ

ئەلمىساقتىن —
تا بۈگۈنگىچە،
تالاي شائىر تەۋرەتكەن قەلەم.
گۈزەل تاغۇ-دەريالىرىڭغا،
ھاياجاندا باسقاندا قەدەم.
نەزمە توقۇپ مېھرى جۇش ئۇرۇپ،
سېنى كۆيلەپ كېلىشكەن ھەر دەم.

تالاي رەسسام بەلكۈچ ئوينىتىپ،
سىزغان تۇزدەك رەڭدار ھۆسنۈڭنى.
تالاي گېئولوگ كېزىپ قوينۇڭنى،
شان-شەۋكىتىڭدىن تاپقان ئۆچمەس ئىز.
پىداكار ئەزىمەتلەر ساڭا جان تىكىپ،
يېتىپ مۇرادىغا كۆلگەن ئارمانسىز.
لەرزان ئۈنىنى ساڭا بېغىشلاپ،
تالاي ناخشىچىلار كۆيلىگەن ياڭراق.
شۇنداق،
مەيلى كىم،
سېنى بىر كۆرسە،

كەل جۇشقۇن غەيرەتكە، قاناتلان
نۇرانە ئىستىقبالىغا ئۆرلەشكە.

ھەر مىللەت خەلقىمىز ئۇيۇلتاش،
نىيەت بىر، تەقدىرداش، ئۆم ـ ئىناق.
شان قۇچۇپ ئۆتتۇق بىز ئۆتكەلدىن،
كەچۈرۈپ باشلاردىن كۆپ سىناق.

ۋەتەننىڭ مۇقەددەس زېمىنى،
گۈھەردەك چاقناپ نۇر چاچقايسەن.
كۆتۈرۈپ تاغدەك قەد نۇرلىنىپ،
تارىختا يېڭى بەت ئاچقايسەن.

1984 ـ يىل 14 ـ فېۋرال، ئۈرۈمچى.



جەڭگە مېڭىشقا.

ئېيخ، شىنجاڭ،

سېنىڭ ئەتەڭ،

رەڭدار رەسىمدەك كۆرۈنەر ماڭا.

سېنى كۈيلەيمەن،

ئەڭ ياڭراق ناخشامنى بېغىشلاپ ساڭا.

قاناتلان، ئۇچقىن،

يۈكسىلىشىنىڭ كەڭ ئاسمىنىدا.

تۆھپە قوش مۇقەددەس ئىشىمىز ئۈچۈن،

پارتىيە باشلىغان كەڭ-داغدام يولدا.

1984-يىل فېۋرال.



بولار ساڭا قەلبىدىن ئامراق.
چۈنكى،
گۈزەلسەن،
بايسەن، مۇنبەتسەن،
ئەي، خاسىيەتلىك مۇقەددەس تۇپراق.
سۆيۈملۈك ماكانسەن، ئەي گۈزەل شىنجاڭ،
پىنھاندۇر كۈچ-قۇدرەت ئېزىز قوينۇڭدا.
ئىقبالىڭغا باقسام،
جۇشقۇن ئۈمىدلەر
ئويغىنىدۇ باغرىمدا.
ئەي ئالتۇن دىيار،
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىللىق ماكانى!
ماڭلايدىن تۆكۈلگەن كۈمۈش تەرلەردىن،
ياشنىماقتا ئەلنىڭ بەخت باھارى.
ئىناقلىق گۈللىرى ئېچىلدى تەكشى،
شۈنچىلىك رەڭدار،
گۈلزارىمىزنىڭ يوقتۇر پايانى.
خەلقىمىز تىكلىدى يۈكسەك ئىرادە،
سېنى ئېچىشقا.

ئەتىمىز ئۈچۈن
سېخىي قوينۇڭدىن،
تۈرلۈك تۈمەن بايلىق ئېلىشقا.
دەۋرىمىزنىڭ پەرھاتلىرى
كۈتمەكتە بۇيرۇق،

شۇڭا بەختىنى
ئېچتۇق بىز كەۋسەر.

ئىناقلىقتا باب گەپ بولسا سۆزلەپ،
ئىناقلىقتا باب ئىشنى قىلدۇق بىر.
دوستلۇقنى قوغداش ئەڭ ئېسىل خىسلەت،
دوستلۇقتا ئۆلگە بولۇش ئەھدىمىز.

"شىنجاڭ ياخشى" دەپ ماختايدۇ ھەممە،
باي شىنجاڭ ئەمدى زەر چاچقۇ چاچار.
مۇراد تاپقۇزار بىزنى ئىناقلىق،
گۈزەل كەلگۈسى كۈلۈپ يۈز ئاچار.

1984-يىل 3-ماي.



# ئىتتىپاقلىق ناخشىسى

—— شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان 2 - قېتىملىق "مىللەتلەر ئىتتىپاقلىق ئېيى" مۇناسىۋىتى بىلەن.

دولقۇنلۇق تارىم ئاقىدۇ تىنماي،
ئېگىز تەڭرىتاغ تۇرىدۇ ھەيۋەت.
تارىخ ئالدىدا ئۆتتى سىناقتىن،
مىللىي ئىناقلىق - دوستلۇق تالاي رەت.

ۋەتەن مېھرىدىن كۈچ - قۇۋۋەت تاپقان
ھەر مىللەت خەلقى ئىناق شۇ قەدەر.
قاراپ جاھانغا، ئىنتىلىپ ئالغا
ئەلنى گۈللەشكە ئاققۇزماقتا تەر.

ئىتتىپاقلىق جان،
ئىناقلىق دەرمان.
ئىتتىپاقلىق كۈچ،
ئەل ئۈچۈن زەپەر.
بولۇپ ئىتتىپاق ماڭدۇق مەنزىلگە،

سەن ئەلدە ئاتقۇزغان يورۇق تاڭ سەن،
يوقسۇللار ئېگىنى كۆندەك يورۇتتۇڭ.

باشلىدۇق يېپيېڭى ئالەم قۇرۇشقا،
جاپالىق، شەرەپلىك كەسكىن جەڭلەرنى.
دانالىق تەختىدە چېۋەر قوماندان
سەن ئۆزۈڭ، يەڭدۇق بىر ھىيلە-رەڭلەرنى.

شۇ سەۋەب مويسىپىت قوماندان ئۆزۈڭ،
كۆرەشچان ئەۋلادلار دىلىدا ھەر دەم.
كۆرەش ۋە قۇرۇشتا مولدۇر تەجرىبەڭ،
سەن باسقان شۇ يوللار ئالتۇن خەزىنەڭ.

بۆگۈن ئىسلاھاتقا چاقىردىڭ ئەلنى،
ياشلىقنىڭ غەيرىتى ئۇرغۇپ تېنىڭدە.
ئەلنى باي قىلىشقا باغلىدىڭ بەلنى،
غالىبلىق غۇرۇرى چىراغ قەلبىڭدە.

ئىسلاھات، ئۆزگەرتىش جېنى ۋەتەننىڭ،
بىر ئىزدا ئايلىنىش نومۇس ۋە ئۇيات.
بىلىم ۋە تېخنىكا جان بەرسۇن ئىشقا،
بولسۇن تېز كونىلىق، نادانلىق بەربات.

# ئاتمىش ئۈچ چېچەكتىن تىزدىم گۈلدەستە

—— پارتىيىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 63 يىللىقىغا بېغىشلايمەن.

ئاتمىش ئۈچ چېچەكتىن تىزدىم گۈلدەستە،
تۇغۇلغان كۈنۈڭنى قۇتلايمەن يەنە.
ھەر چېچەك بىر يىلىڭ ئۈچۈن راسلانغان،
ئاتمىش ئۈچ يېشىڭغا ئالقىش، تەنتەنە.

ئاتمىش ئۈچ يىل ئۆمۈر كۆرگەندە ئادەم،
مويسىپىت ئاتىلار كۆپ ئىشنى كۆرۈپ.
بەللىرى مۈكچىيەر، ئاقىرار چېچى،
ياشلىق، نەۋقىرانلىق جىسمىدىن يۈتۈپ.

مەن سېنى مويسىپىت دېگۈم كېلىدۇ،
ئالتۇن تارىخىڭنى ۋاراقلاپ كۆرۈپ.
يەنە نەۋقىران دېگۈم كېلىدۇ،
سەن تۇزگەن قۇرغۇچى سەپلەردە يۈرۈپ.

ئۇتتۇڭ يىل قان كېچىپ ئەل بەختى ئۈچۈن،
زۇلمەت يىلتىزىنى كەستىڭ، قۇرۇتتۇڭ.

# قۇتلۇق دەستۇر

— «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىغا بېغىشلايمەن.

يۈرىكىم تېپىچەكلەر پاتماي قېنىغا،
بىر قۇتلۇق قانۇننىڭ شاراپىتىدىن.
شادلىقىم چېھرىمگە بەخش ئەتتى كۆلكە.
ئۆركىلەي پارتىيەم پاساھىتىدىن.

پارتىيەم تۈزگەن بۇ مىللىي سىياسەت،
قانۇن قامۇسىدىن جاي ئالدى بۈگۈن.
تەڭلىك ۋە ئىناقلىق ھەممىدىن ئەلا،
قەلبلەر قېتىدا قالمىدى تۈگۈن.

بىز جۇڭخۇا قوينىدا تۆرەلگەن ئەۋلاد،
تىلىمىز باشقايۇ، دىلىمىز ئوخشاش.
قانۇنغا يېزىلغان ئاپتونومىيە،
بىزنىڭ تۈۋرۈكىمىز، بىزگە يۆلەكداش.

بىز جۇڭخۇا بېغىنىڭ رەڭدار گۈللىرى،
بىرىمىز گۈيخرامىز، بىرىمىز رەيھان.

ئىسلاھات شامىلى سەگىتتى ئەلنى،
ھەممە ئىزدەنمەكتە، ئالغا باسماقتا.
ئەقىل دەرياسى توسقۇنسىز، راۋان،
ھۆر ھايات دېڭىزى تامان ئاقماقتا.

شۇ سەۋەب نەۋقىران ياش دەيمەن سېنى،
ياشلىقنىڭ قېنىدۇر ــ ماركس تەلىمى.
ياشلىق ۋە ئىسلاھات خۇددى قوش كېزەك،
ئۇتۇق ۋە شانلارغا جۆر ھەر قەدىمى.

ئاتمىش ئۈچ چېچەكتىن ئىزدىم گۈلدەستە،
تۇغۇلغان كۈنۈڭنى قۇتلايمەن يەنە.
ھەر چېچەك بىر يېشىڭ ئۈچۈن راسلانغان
ئاتمىش ئۈچ يېشىڭغا ئالقىش، تەنتەنە.

1984- يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى.



# تاغلارنى قۇچاقلىغان ئاتۇشتا

(چاتما)

## سالام ساڭا قىزىلسۇ

— قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن.

سالام بېرىپ تويۇڭدا باقتىم ساڭا قىزىلسۇ،
كۆلدى نۇرلۇق چېھرىڭدىن يەرۇساما قىزىلسۇ،
ئۇرغۇپ تاشتى قەلبىمدىن شادلىق سادا قىزىلسۇ،
بۇنى مېھمان ئوغلۇڭدىن سوۋغات سانا قىزىلسۇ.

ساليۇت بەردى زەمبىرەك چۆرىسى گۈل مەيداندا،
مۇبارەك توي شان بىلەن قايناپ كەتتى ھەر ياندا،
قاناتلىنىپ خۇشاللىق ئۇچتى چەكسىز ئاسماندا،
سۆيدى شادمان دىللارنى ئىللىق سابا قىزىلسۇ.

ئوتتۇز يىللىق ئۆتتۈيتۇ شۇنچىلىك تېز سۇر ئەتتە،
باتۇر خەلقىڭ ئوراپتۇ سېنى گۈلگە ئەيرەتتە،

بىرىمىز قىيادا ئاق قارلەيلىسى...
رەڭدار گۈللەر بىلەن ۋەتىنىم بوستان.

ۋەتەن-يۇرت ئۈچۈن تەر تۆكۈپ ھەممىمىز،
شۇ شانلىق تارىخقا ئىز سالدۇق ھارماي.
بىللە قول تۇتۇشۇپ قىلغاندا كۈرەش
تاغ-دالا باھاردەك ئاچىدۇ چىراي.

بۇ قانۇن بىزلەرگە مۇقەددەس دەستۇر،
ئۇنى باغرىمىزغا مەھكەم تاقىمىز.
ئەركىنلىك، ھۆرلۈكنىڭ ئۈز پەللىسىگە،
ھەيۋەت قوشۇن تارتىپ دادىل ماڭىمىز.

1984-يىل 14-ئىيۇن، ئۈرۈمچى.



ئون ئىككى ئات يانمۇيان،
چېپىپ ئارار پەللىگە.
چەۋەندازلار ئېتىنى،
قويۇپ بەردى مەيلىگە.

ئۇزۇپ چىقتى ئالدىغا،
قاشقا قارا ئارغىماق.
تۇياقلاردىن ئوت يانار،
نومۇس، ئارقىدا قالماق.

قىزىپ كەتتى بەيگە بەك،
بوش كەلمىدى ھېچبىرى.
بىر مىڭ بەش يۈز مېترلىق،
مەنزىلگە ئۇچقانسىرى.

ئاخىرقى بىر ئايلانما،
ئاتلار تەگمۇتەك كېلەر.
بۇ ئايلانما ھەل قىلغۇچ،
چەۋەنداز ئېنىق بىلەر.

چىلان تورۇق بىردىنلا،
ئۇزۇپ چىقتى ئالدىغا.
قاراپ قالدىم زوقلىنىپ،
ئۇستىدىكى بالىغا.

سان ـ ساناقسىز مۆجىزە يارىلىپتۇ ھەر سەپتە،
بولدى ساڭا ھەر ياندىن ئالقىش ئاتا قىزىلسۇ.

زېرەك، باتۇر، يېڭىلمەس جاسارەتلىك خەلقىڭ بار،
گۈزەل دەۋران ئىشقىدا كۆيگەن قايناق قەلبىڭ بار،
ساڭا ئىلھام، كۈچ بەرگەن ھوقۇقىڭ بار، ئەركىڭ بار،
ۋەتەن كۈتكەن ھەر ئۈمىد سەندە ئادا قىزىلسۇ.

مۇھەببىتىم بار ئىدى ساڭا بۇرۇن ـ بۇرۇندىن،
سېغىناتتىم سېنى مەن تەلپۈنۈپ بەك ئۇزۇندىن.
سېنىڭ تويۇڭ بىر ئورۇن بەردى كاتتا سورۇندىن،
راھەت ماڭا سەن ئۈچۈن چەكسەم جاپا قىزىلسۇ.

جاھالەتلىك شۇم ئۆتمۈش كەتتى ئەمدى كەلمەسكە،
پارتىيىمىز نۇرىدىن پۈركەندىڭ خان ئەتلەسكە،
تۇلپارلىرىڭ قۇچسۇن شان چۇشۇپ جەڭدە بەس ـ بەسكە،
ياردۇر ساڭا سائادەت، جۇشقۇن ناۋا، قىزىلسۇ.

## ئات بەيگىسى

ئاتۇش تېغى باغرىدا،
كەڭرى مەيدان راسلاندى.
قۇتلۇق توينىڭ شەنىگە،
ئات بەيگىسى باشلاندى.

# كورلىغا بارغۇچه ئويلىغانلىرىم

تۇرپاندىن يولغا چىققان پولات يورغا،
پۇشقۇرۇپ كورلا تامان ئۇچۇپ بارار.
چايقالماس پىيالىگه قۇيغان چىيىم،
چوڭ بىنا خۇددى شۇ تاپ كۆچۈپ بارار.

كۆڭلۈمده رەھمىتىم جىق بۇ يول ئۈچۈن،
جان تىكىپ تەر ئاققۇزغان باتۇرلارغا.
باتۇرلۇق داستانىدۇر ئىش ئىزلىرى،
مۆجىزه پۈتۈلگەندۇر قۇر-قۇرلارغا.

كونىلارنىڭ "يول ئازابى گۆر ئازابى"
دەپ تەمسىل قىلغانلىرى چىقماس ئەستىن.
بۇ تەمسىل كونا زامان ئۈچۈن ئەينەك،
ئەمدىچۇ؟ چۈشۈپ قالدى ئۇ لۇغەتتىن.

پاھ، ھەش-پەش دېگۈچىلىك مانا ئالغۇي،
ئالدىمدا چىراي ئاچتى كۈلۈپ تاتلىق.
بىر چاغلار چۈشتى ئەسكە گۈڭگا چۈشتەك،
قەلبىمده گىرەلەشتى ئەلەم، شادلىق.

ئۆزۈڭ يولدا سىنالدى،
ئات ئىچىدە ياخشىسى.
ئۇن بىر ياشقا كىرىپتۇ،
يەڭگەن قىرغىز بالىسى.

ئات بەيگىسى ئەنئەنە،
باتۇر قىرغىز خەلقىدە.
غالىب ياشاش ئىلھامدۇر،
خەلقىمىزنىڭ قەلبىگە.

## يورغا

ئات بەيگىسى كۆچتى يېڭى مەزمۇنغا،
يورغا ئاتلار چۈشتى شۇ دەم يانمۇيان.
تىزگىنىنى چىڭ تارتمىسا بولماسكەن،
چېپىش ئۇچۇن بەرمىگۈلۈك ھېچ ئىمكان.

يورغا ئاتلار تۈيىقىدىن گوياكى،
مەن ئاڭلىدىم لەرزان قومۇز كۈيىنى.
تەنتەنىگە پۈركۈۋەتتى بۇ مەيدان،
قىرغىزلارنىڭ مۇشۇ قۇتلۇق تويىنى.

1984 - يىل سېنتەبىر.

بۇ ۋادا سېۋەت ـ سېۋەت نەشپۈت تۈتتى،
تۆمۈريول ياسىغان مەرد باللىغا.

چېلىنىپ شادىيانە، نەغمە ياڭراپ،
ئۇسسۇلغا چۈشتى ھەممە كۆلۈپ يايراپ.
نەشپۈتلۈك باغلار ئارا شاد تەنتەنە،
ئەۋجىدە قوش ـ قاناتلار كەتتى سايراپ.

كىم كۆلمەس، كىم خوش بولماس بۈگۈن شۇنچە،
ئۆگىنىپ، خىزمەت قىلىپ كۆڭلى تولسا؟!
مۆجىزە، كەشپىياتقا باي زاماندا،
ھەر كۈنى تالاي يېڭى ئىش تۇغۇلسا؟!

كورلىدا پويىز ئۈچۈن بۈگۈن لېنتا
كېسىلدى، گۈدۈك بەردى پاراۋۇزلار.
ئەتىلا قەشقەر، خوتەن بۈگۈنكىدەك،
شادلىنىپ بۇ تۇلپارنى كۈتۈۋالار.

خىياللار تاتلىق، ئارزۇ خۇددى گۈلدەك،
پورەكلەپ غۇنچە ئاچار دەۋرىمىزدە.
جاھاننى تاڭ قالدۇرۇپ تۆھپىمىزدىن،
تويلارنى ئوينايمىز ھۆر ئەتىمىزدە.

1984 ـ يىل سېنتەبىر.

ئېشەككە كۆمۈر ئارتىپ، ئوتۇن ئارتىپ،
بۇ يولدىن يۈرگەنىدىم غەم يەپ تالاي.
يۈرگەنمەن بوران ھۇۋلاپ تۇرغان چاغدا،
قىش كۈنى سىرداش بولغان ماڭا بۇ ساي.

لەڭ توشۇپ زار قاقشايتتى يۇرتۇم خەلقى،
قوشاقتا قېتىپ نالە-قايغۇسىنى.
قۇملۇقتا، سازلىقلاردا چاق يۆلەيتتىم،
يېتىلەپ مەنمۇ كالا ھارۋىسىنى.

ھەي...شۇنداق مىڭ بىر ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ،
يەتكۈزسەك ئۆز جايىغا لەڭنى ئاران؛
بۇقىدەك بوينى قات-قات ئايغاقچىلار،
كېچىكتىڭ، دەپ سوراقلاپ زۇلۇم سالغان.

ۋاھ، بۈگۈن ئىلىم-پەننىڭ كۈچى بىلەن،
بۇ سايلار كۆمۈش يولغا يول بوشاتتى.
كەلمەسكە كەتتى ئەبەت "گۆر ئازابى"،
ئارزۇلار سولماس بولۇپ چېچەك ئاتتى.

تاغ تېشىپ، چۆللەر ئېشىپ كەلدى پويىز،
يۇرتۇمنىڭ نەشپۈتزارلىق ۋادىسىغا.

چىراغ نۇرى بىلىقلار بىلەن،
پىلتىڭ ئېتىپ ئويناىدۇ كۆلدە.
گويا بىيىجىڭ كرىستال ئۇردا،
سەيلە ئەھلى قالار ھەيرەتتە.

زاۋۇتلارنىڭ قوينى گۈلشەنلىك،
سۈجۈ بىلەن خاڭجۇدەك گۈزەل.
ئەمگەك گويا قايناق بىر بايرام،
ئىلھام، غەيرەت بەخش ئېتەر غەزەل.

ئاسما يوللار، ئۆتتۈشمە كۆۋرۈك،
ھۆسنىگە ھۆسن قوشقان بىيىجىڭنىڭ.
رېستورانلار، مېھمانخانىلار،
قۇچىقىغا تولغان بىيىجىڭنىڭ.

بەشيۈلتۈزلۈق قىپقىزىل بايراق،
تيەنئەنمېندە تۇرار يەلپۈنۈپ.
بۇ يەر قايناق ئادەم دېڭىزى،
كۆزلەر باقار ھەر يان تەلپۈنۈپ.

كونا بىيىجىڭ كىرگەن تارىخنىڭ،
مۇزېيىغا كۆرگەزمە بولۇپ.

# پايتەختكە مۇھەببەت

سۇرەت كەبى چىرايلىق، كۆركەم،
پايتەختىمىز ئۇلۇغۋار بېيجىڭ.
پورەكلىگەن گۈللەرگە ئوخشاش،
شۇنچىلىك نۇر، بىغۇبار بېيجىڭ.

ئۇزاقلارغا سوزۇلغان رەستە،
باغچىلاردەك گۈزەل ۋە رەڭدار.
تۆت پەسلىنىڭ بەرى يېشىللىق،
ئېپار تۆكەر يىل بويى باھار.

بېيجىڭ شۇنداق گۈللەر دېڭىزى،
خۇش بۇي مەسخۇش ھىدلار دۇنياسى.
بىلدىم دوستلار مەشەدە ئىكەن،
گۈزەللىكنىڭ تاجى — رەناسى.

قەد كۆتۈرگەن يۈكسەك بىنالار،
ئەسلىتىدۇ سەرۋى-چىنارنى.
قۇياش بىلەن ئايغا گۈل سۇنۇپ،
زىننەتلەيدۇ ھەر كۈن ناھارنى.

# ئۆكتەبردىكى بېيجىڭ

ئۆكتەبردىكى بېيجىڭ ھاۋاسى،
دىللارغا شىپا، جانلارغا ھۇزۇر.
ئۆكتەبردىكى بېيجىڭ سىماسى،
ۋەتەن باغرىنى يورۇتقۇچى نۇر.
ئۆكتەبر كۈنى
كوچا-كوچىدا
ئاقىدۇ شادلىق، ئاقىدۇ غۇرۇر.

ئېھ، بېيجىڭ
تۇرار سېنىڭدە
پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىمىز.
شۇڭا سەن
ئەقلىمىز — ئىدراك ئېگىمىز.
سەن كۆكرىكىمىزدە گۈپۈلدەپ تۇرغان،
ۋەتەن باغرىدا يالقۇنلاپ سوققان
ئوتلۇق، جۇشقۇن يۈرىكىمىز.

سېنىڭ قوينۇڭ،
بىر ئۇچۇن جەننەت.

يېڭى بېيجىڭ ئېچىپتۇ چىراي،
ئايدەك شۇنداق ھۆسنىگە تولۇپ.

ئىسلاھاتنىڭ ئۈرنەك، ئۆلگىسى،
بېيجىڭ — بىزنىڭ ئىقبال، بەختىمىز.
ئالتۇن ئۆزۈك دېسەك ۋەتەننى،
ياقۇت كۆزى شۇ پايتەختىمىز.

1984 - يىل ئۆكتەبىر، بېيجىڭ.



رەڭ بېرىدۇ يايلاق ـ باغلارغا،
يورۇتۇپ يولۇمنى.

تيەنئەنمېن ئۈستىدە يانغان شەپەقنىڭ،
ئەكسىنى كۆرىمەن يىراق چېگرىدا
قۇرغۇچى سەپلەردە
تاغدا ـ ئېدىردا.

بېيجىڭنى سۆيىمەن دىلدىن،
سۆيىمەن چىرايلىق گۈل ـ چېچەكىنى.
سۆيىمەن ئاپئاپئاق ئېتىكىنى،
سۆيىمەن يۈكسىلىپ كۈلگەن ۋەتەننى،
ئوقۇپ مەدھىيە پارتىيىگە ـــ يولباشچىغا.

1984 ـ يىل ئۆكتەبىر، بېيجىڭ.

سېنى سۆيىمەن.
قويىنۇڭغا تەلپۈندۈرەر دائىم
مېنى مۇھەببەت.
ھەر كەلسەم قويىنۇڭغا،
قەلبىمدە سېزىمەن قۇياش، ھارارەت.

ھەر كەلسەم كېڭىيەر نەزەر دائىرەم،
غايىمىز تېخىمۇ كۆرۈنەر گۈزەل.
بىلىكىمدە ئاشىدۇ مادار،
چىڭىپ بارار ئىرادەم ھامان،
روشەنلىشەر كۆز ئالدىم تۈگەل.

ئېھ، ئۆكتەبىردىكى جانىجان بېيجىڭ،
گۈل-گۈلىستان بولغان پايتەختىم.
ئىسلاھات گۈللىرى،
قۇرۇلۇش گۈللىرى،
ئادەملەرنىڭ گۈلگە ئوخشاش چىرايلىرى...
ھە، شۇلاردا نامايان بولدى بەختىم.

چاڭئەن كوچىسىنىڭ چىراغلىرىدىن
تۆكۈلگەن نۇرلار،
يورۇتتى چېگرىدىكى يىراق يۇرتۇمنى.
جۇڭنەنخەيدىن سوققان شاماللار
غۇر-غۇر ئۇچۇپ

شۇ سەپنىڭ ئالدىدا كۈيلەيدۇ دىلبەر،
بېشىدا ئۇيغۇرنىڭ چىمەن دوپپىسى.
چىمەنلەر مەڭگۈلۈك بولسۇن ساڭا يار،
سەن ئۇيغۇر پەرزەنتى، ۋەتەن بۇلبۇلى.

1985 - يىل 19 - يانۋار، ئۈرۈمچى.



# ناخشىچىمىز دىلبەرگە

دۇنيا سەھنىسگە چىقتىڭ مەردانە،
ناخشاڭدىن دېڭىزدەك چايقالدى جاھان.
ۋەتىنىم شەرەپكە كۆمۈلدى يەنە،
ئالتۇندىن تاج كىيدى تەڭرىتاغ شۇ ئان.

ئاۋازىڭ بۇلبۇلنى ئەسلەتتى ماڭا،
لەرزان ۋە ھېسسىياتلىق ھەم دولقۇنسىمان.
قەلبىمدىن تەشەككۈر ئېيتىمەن ساڭا،
قوزغىدىڭ يۇرتۇڭدا ھۆرمەت، ھاياجان.

بىل، يۇرتۇڭ ئۇسسۇل، كۈي-ناخشا ماكانى،
مۇبارەك قوينىدا تۇغۇلدۇڭ، ئۆستۈڭ.
لەرزان، زىل ئۈنۈڭنى ئاڭلىدى دۇنيا،
پەررەنتلىك بۇرچۇڭنى سەن ئاقلاپ ئۆتتۈڭ.

ناخشىغا دىل بەردىڭ، دىلىڭ يالقۇنلۇق،
ئەڭ يۈكسەك پەللىگە ئۆرلىگىن يەنە.
دۇنياغا يۈزلەندى يۇرتداش، ۋەتەنداش،
نۇر ۋە شان دەۋرىگە ئىنتىلىپ ئەنە.

دىيارىمىز ناخشا، ئۇسسۇل ماكانى،
ئەزەلدىنلا داڭقى مەشھۇر جاھانغا.
ۋارىس بولۇپ تىرىشساڭلار داۋاملىق،
يەتكەيسىلەر چوقۇم ئارزۇ-ئارمانغا.

سىلەر ۋەتەن ئىستىقبالى، ئۈمىدى،
نۇر چاقنايدۇ چېھرىڭلەردە مەڭگۈگە.
قاناتلىنىپ پەن بىلىمدىن، سەنئەتتىن،
تىز ئۆرلەڭلار يۈكسەك يېڭى پەللىگە.

1985-يىل 3-مارت، ئۈرۈمچى.



# سەنئەت غۇنچىلىرىگە

— شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى دەرستىن سىرتقى مۇزىكا مەكتىپىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا بېغىشلايمەن.

كۆرۈپ كىچىك سازچىلارنى — غۇنچىنى،
ھاياجاندا كەتتى قەلبىم جۇش ئۇرۇپ.
ساز چېلىشار، ئۇسسۇل ئوينار بالىلار،
تەبرىكلىدىم چىن يۈرەكتىن زوقلىنىپ.

تىرىشچانلار كېلەچەكتۇر سىلەرنىڭ،
خەلق سۆيىدۇ سەنئەتكارنى، ئىشچاننى.
ئۇستازلاردىن يېتىلىدۇ باتۇرلۇق،
بەردى دەۋران بۈگۈن كەڭرى ئىمكاننى.

باھار كەلدى يۇرتىمىزغا، بوستانغا،
شاد ناخشىلار تۆگىمەيدۇ ئېتىقانغا.
بۇلبۇل بولۇپ كۈيلەڭلار ھەر زاماننى،
ئىلھام بېرىپ سانسىز ئىشچى-دېھقانغا...

# ئاي دەيمۇ، كۈن دەيمۇ سېنى پارتىيەم

تۈن يېرىپ، تاڭلارغا كەلدى يول باشلاپ،
يالقۇنلۇق قەلبىڭنىڭ نۇرى پارتىيەم.
باھارنى ئەپكەلدىڭ جۇدۇننى قوغلاپ،
ئاي دەيمۇ، كۈن دەيمۇ سېنى پارتىيەم.

توسۇماق بولۇشۇپ تارىخ چاقىنى،
چەيلەندى قۇترىغان يىلانۇچايان.
قۇتۇلدى خەلقىمىز يەنە ئاپەتتىن،
بەختكە ئېرىشىپ بۇ ئانا ماكان.

چېچىلدى گۈل يېڭى زامان يولىغا،
تاپقاچقا يورۇقلۇق، گۈزەللىك ھايات.
يۈكسەلدى ۋەتىنىم كۈلۈپ ياشىرىپ،
ئىلىم-پەن، ئىسلاھات بولۇپ قوش قانات.

سەن بىلەن جىمىكى مۈشكۈل بولار ھەل،
خەلق غېمى-ئۆز غېمىڭ دانا پارتىيەم.
سەن يەرنى گۈللىتىپ، كۆكنى تىرەيسەن،
تاغ دەيمۇ، دەريامۇ سېنى پارتىيەم؟

# ئۇزۇم ھارىقى

—تۇرپان ناھىيىلىك مۇۋە ھاراق زاۋۇتىغا بېغىشلايمەن.

دۇنياغا مەشھۇر قەدىمكى تۇرپان،
داڭلىق يالقۇنتاغ تارىخى بىلەن.
ئاچتى ئۇ يەنە يېڭى بىر ۋاراق،
شەربەتلىك ئۇزۇم ھارىقى بىلەن.

1985 ـ يىل 12 ـ مارت، تۇرپان.



## ئالىيجاناب قەلبكە مەدھىيە

— ئۇۋ ياڭخەيچە قەھرىمان جەڭچى ۋاڭ ئەنيۇڭغا بېغىشلايمەن.

نۇن توققۇز ياش
باللىق دەۋر
ئۇ — ياشلىقنىڭ غورا چېغىغۇ!
ئارمىيە قويىنغا كىرگىلى ساڭا
بىر يىل بولۇپتۇ —
ستاژىڭغىمۇ
بىر يىل تولۇپتۇ مانا.
ئۆزۈڭ ناھايەت
بىر ئاددىي جەڭچى
بىراق، ئىش ئىزىڭدىن تاڭ قالدىم،
چاقماق چېقىپ
گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىگەندەك
تۇيۇلدى ماڭا.

سېنى كۈيلەيمەن
سېنى داڭلايمەن

غەلبە مەشئىلى يالقۇنلار، ئۆچمەس،
سەن بىلەن ئۇلغىيار ئەلدە كۈچ-ئىلھام.
ئۇيۇشتۇق ھەر مىللەت خەلقى بولۇپ جەم،
مەنزىلگە يەتمىسەك ئالمايمىز ئارام.

ئات سالدۇق يۈرۈشتىن يېڭى يۈرۈشكە،
توي تارتتۇق يېڭىشتىن يېڭىشكە ھامان.
خۇشاللىق، ھاياجان دىلدا دېڭىزدەك،
ياڭرايدۇ شەنىڭگە تۈگىمەس داستان.

1986 - يىل ئەتىياز.



سەن تەڭرىتاغنىڭ باتۇر بۈركۈتى،
سېنى تەرىپلەر ھەر مىللەت خەلقى.
سەن تارىمدا ئۆسكەن سۆۋادان،
ئۇلۇغۋار ئوبرازىڭ شۇنداق بۈيۈكتۇر،
شەنىڭگە ئالقىشلار ياڭرايدۇ ھامان.
باتۇرلۇق ئىش ئىزىڭ،
ياش ئەۋلادلارغا
بولدى شانلىق نەمۇنە.
سېنىڭ روھىڭ بىلەن ياشنايدۇ ئەمدى
گۈزەل خىسلەت، گۈزەل ئەنئەنە.

1985 - يىل 4 - ماي، ئۈرۈمچى.



ئىش ئىزىڭدىن
سۆيۈندۈم چەكسىز.
خەۋپ - خەتەرنى
بىلىپ تۇرۇپمۇ
ئۆزۈڭنى ئاتتىڭ
قايىلمەن ساڭا
قايىل خەلقىمىز.
ئەل ئىشى ئۈچۈن
پىداكارلىق بىلەن
سول كۆزۈڭنى تەقدىم ئەتتىڭ.
ئادەملەرنىڭ قەلبىگە
پەزىلەتتىن - خىسلەتتىن
ئەڭ چىرايلىق گۈللەرنى تەردىڭ.
ئەلنىڭ ئىشى ئاقسىمىسۇن دەپ،
يۇمران تېنىڭنى مەجرۇھ ئەيلىدىڭ.
سېنىڭ روھىڭ
مەڭگۈ ئۆلگىمىز
بىزگە ئەينەكتۇر غۇبارسىز دىلىڭ.
سېنى باتۇر، قەھرىمان دېدىم،
پىداكارلىق بابىغا پۈتۈپ.
سېنى پالۋان، يەڭگۈچى دېدىم،
ئاۋانگارت، ھۇجۇمچى
سېپىدە كۆرۈپ.

تاش ئۇزرە گۈل كۆرۈش قوزغار ھاياجان،
چۆلدە كۈن چىققاننى كۆرمەكمۇ ھەيۋەت.
بەزىدە تومۇزدا يېغىپ قالار قار...
مەنزىرەك كۆرستەر رەڭمۇرەڭ سەنئەت.

تەبىئەت يوشۇرغان قارا ئالتۇننى،
تاغلاردىن چۆللەرنىڭ تەكتىگە قەدەر.
سەن قويىنى كۈنۈتۈن قايىنىغان شەھەر،
جەڭگاھسەن غالىبلار قۇچقان شان-زەپەر.

تۇۋرۇكوك زىيالىي، ھارماس ئىشچىلار،
قوشۇنۇڭ قىران ياش باتۇرلار ھامان.
سەن قانات يايدىڭ چۆل ئۇپۇقلىرىغا،
ئىلىم-پەن نۇرىنى بەرگەچ ھۆر زامان.

قاراماي ئۆلكەمنىڭ كۆزىسەن نۇرلۇق،
قۇياشتەك چاقنىغىن بولۇپ گۈل چىراي.
مەن كۆيدۈم ھۆسنۈڭگە ئەي سىھىي جانان،
سەن بىلەن يۇرتۇم كۈچ تېپىپ بولار باي.

## ۋىشكىلار ئورمىنى

ۋىشكىلار ئورمىنىدۇر جەرەن بۇلاق،
ھەر ۋىشكا خۇددى تۇرپان مۇنارىسى.

# قاراماي ناخشىلىرى

(چاتما)

## سەن قارا ئالتۇننىڭ كانى قاراماي

قاراماي نامىڭدا ئالتۇن ۋەزنى بار،
سەن چەكسىز چۆلدىكى سېھىرلىك قورغان.
سەن ھايات قاينىمى، زامان كەۋسىرى،
كۈندۈزى گۈركىرەپ، تۈندە نۇر چاچقان.

سەن ياشسەن، دەرەخلەر يېشىڭ بىلەن تەڭ،
سەن گۈزەل، ھۆسنۈڭدىن گۈللەر ئالار رەڭ.
سەندە گۈل ھىدىغا ئارىلاش ماي ھىدى،
تۇرخۇنلار ئورماندۇر، كوچىلىرىڭ كەڭ.

سەن ئەسلى ئۇچار قۇش قونمىغان بىر جاي،
قۇربان تورغۇتنىڭ چۆلى ئاتالغان.
ئەسىرلىك سۈكۈتنى بۇزدى كۈلكىلەر،
ياۋا ئات ئىزىدا ئۆستى گۈلبوستان.

## سۆيگۈ بۇلاقلىرى

مىڭ بۇلاق، ئون مىڭ بۇلاق قايناپ چىقار،
ماگمىدەك ئېقىن ياساپ، ئىسسىق چىپچىپ.
ۋەتەننىڭ تومۇرىغا تاراپ بارار،
ئىگىلىك جىسمىغا جان ئاتا قىلىپ.

نېفىتنىڭ بۇلىقى دەپ ئېيتسام ئەگەر،
باب تەرىپ بولمىغۇدەك ئاڭا تۇشلۇق.
ۋەتەنگە مۇھەببىتى نېفىتچىنىڭ،
يالقۇنلۇق يۈرىكىدىن ئاققان ئۇلۇق.

## سېلىم بوۋاي

قانداق كېلىپ قالدى شۇ بوۋاي،
چىگگىز تېغى ئېتەكلىرىگە؟
بۇ جەزىرە، ئېزىنتقۇ سايدىن،
نېمە ئىزدەر ئىستەكلىرىگە؟

ئادەم كەلگەن بۇ باققا دېسەك،
ئاشۇ بوۋاي بەلكى تۇنجىسى.
شۇندىن كېيىن كەلدى ئۇ تالاي،
ئۇ بۇ يەرنىڭ بولدى خوجىسى.

شۇ يەردە تۇتىشىدۇ يەرگە ئاسمان،
بۇلۇتلار ۋىشكىلارنىڭ كەڭ سايىسى.

تېشىدۇ يەر كۆكسىنى ئالماس بۇرغا،
يېڭىدىن يېڭى بۇلاق كۆز ئاچسۇن، دەپ.
نېفىت دەپ چاكىلدىغان نە ـ نەلەرگە،
نۇر بىلەن ئوت ئېقىنى تېز ئاقسۇن، دەپ.

بۇرغىلار ئېيتار: نېفىت ھېسابسىز كۆپ،
سانى يوق ئالتۇن دېمەك يەر باغرىدا.
يەر باغرى قاتلام ـ قاتلام خەزىنىدۇر،
بىر دېڭىز نېفىت ياتار ھەر ئاغزىدا.

بۇ يەرنىڭ بورىنى بار — قارا بوران،
سىنايدۇ ۋىشكىلارنىڭ چىڭلىقىنى.
ۋىشكىدىن مىڭ ھەسسە چىڭ نېفىتچىلار،
ئوت سىنار دائىم ئالتۇن جىڭلىقىنى.

* * *

گۈللىگىن ۋەتىنىمنىڭ نېفىت شەھىرى،
يۈكسەلگىن، سەندە باردۇر چەكسىز ئىمكان.
چاپالىق كۈرەش بولماي بەخت بولماس،
تاڭ قالسۇن قامىتىڭگە پۈتكۈل جاھان.

شۇ قوللار مىڭ غۇلاچ يەرنىڭ تېگىدىن،
چىقاركەن قارا نۇر، قارا زەر ئېلىپ...

سۆز قاتتى شاماللار، سۆز قاتتى چىغلار،
جىلمايدى يىراقتىن تاغدىكى مۇز ـ قار.
جىلمايدى ئالىيۇمىن قالپاق بېشىڭدا،
گۈل سۇندى سۆزلەپ ئۆز تىلىدا باھار.

سۇرىتىڭ كۆڭلۈمگە سېزىلىپ قالدى،
خۇشلىنىش كۆزدىن ياش ئاققۇزغان چاغدا.
بىز كەتتۇق، يۈرەكلەر قالدى قوشۇلۇپ،
يالقۇنلاپ ئوت مېھرىم قالدى شۇ جايدا.

## ئىنژېنېر

كۈندۈزى كېزەر چۆلنى ئىنژېنېر،
كېچىسى ئىشلەر چىراغ قېشىدا.
شۇ چىراغ ئۆچۈپ قالغان كېچە يوق،
كۆپەيگەن ئاقلار شۇڭا بېشىدا.

نادانلار ئەقلىي ئەمگەك ئاسان دەر،
تۇغرىمىش دانانىڭ دەرد تارتىمىقى.
ئەمەلدە ئىزدىنىشتەك تەس ئىش يوق،
مۇرىغا ئايان ئىسىنىڭ ئاچچىقى.

قاپاق بىلەن تالاي ئۆيلەرنىڭ،
چىرىغىغا يېڭى ماي قۇيدى.
بۇ مەرد چېۋەر، ئەقىللىق بوۋاي،
كېچىلەرنى نۇر بىلەن يۇدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدا،
"قاراماي" دەپ قويدى ئاڭا نام.
نېفت شەھىرى، سەن ئۇچۇن ئۇ چال،
تۆككەن تالاي تەر تارام-تارام.

ئاشۇ بوۋاي نۇر بىلەن ئۇتىنىڭ،
سىماسى بولۇپ قالدى تارىختا.
قاراماينىڭ ئالتۇن بابىدىن،
كۆردۇم ئۇنى تۇنجى ۋاراقتا.

## ئىشچى قېرىنداش

جۇڭغاردا ئۇچراشتۇق ئىشچى قېرىنداش،
يەر-كۆكنى تاڭ بېزەپ بويىغان چاغدا.
ئاپتاپقا تويۇنغان قولۇڭنى سىقتىم،
ۋېشكىلار كۆك بىلەن سۆيۈشكەن جايدا.

قازغۇچى ماشىنىدا پىشقان شۇ قولدىن،
توك ئۆتتى تېنىمگە ئىسسىقلىق بېرىپ.

# نېفىتچى ياشلار

ئالتۇندەك پارلاقتۇر بىزنىڭ بۇ ھايات،
ئالتۇندەك ياشلار كۆپ بىزدە بىغۇبار.
ئۆرلەيدۇ ئۇلار تېز، ئۆرلىگەن كەبى
قارلىق تىك چوققىلار ئۈستىگە شۇڭقار.

سادىقكى، شۇملۇقنى بىلمەيدۇ ئۇلار،
باتۇركى، تىترىتەر چۆلنى غەيرىتى.
يۈرىكى قىلىدۇ قىشنىمۇ باھار،
ۋەتەنگە نۇر بېرەر ئەجرى-ئەمگىكى.

چىرايى ئاپتاپتا كۆيگەن، قارايغان،
مەڭزىدىن ساغلاملىق قېنى تامىدۇ.
چىداملىق قوللىرى پولاتنى ئېگەر،
كۆزىدىن كەلگۈگە سۆيگۈ يانىدۇ.

مايلىق قۇم ئۇلارنىڭ مېھرىنى تارتار،
قىزغىنلىق قەلبىدە مىسالى گۈلخان.
بۇلدۇقلار قاراماي بۇلاقتەك ئۇرغۇپ،
كەلتۈرۈپ ئىشچانغا بەخت، شەرەپشان.

ھارمايدۇ، ئىشلەيدۇ كۈن-تۈن دېمەستىن،
ۋەتەنگە بايلىق ۋە باھار ياغسۇن دەپ.

رەزىللەر، ئەقلىي ئەمگەك شۆھرەتكە
يەتمەكنىڭ دەيدۇ ياخشى ئامالى.
ئەمەلدە ئىلىم تەھسىل قىلماقلىق،
يىگىندە قۇدۇق قازماق مىسالى.

ئىنژېنېر بىلىم ئالدى، بىر ئۆمۈر
چەكتى ئۇ نېفىت ئىزدەپ مۇشەققەت.
جاپادىن ھۇجۇملاردىن قورقمىدى،
يولىنى توسالمىدى شۇم تۆھمەت.

ئويلايدۇ جانانىنى سېغىنىپ،
ئىنتىلەر راھەتكىمۇ بەزىدە.
بۇ ئېنىق، چۈنكى ئۇمۇ ئادەمغۇ،
قاغايدۇ كۈلپەتنىمۇ بەزىدە.

ۋە لېكىن ئارام بەرمەس غايىسى:
(چۆللەرگە ئورمان ياساش ۋېشكىدىن.)
ئەل ئۈچۈن كۆيۈپ شامدەك ئۆتسە ئۇ،
شادلىنار، گۈل ئۈندۈرۈپ ئىشقىدىن.

تاڭ ئېتىپ خىرە قىلدى چىراغنى،
كېچىدەك يوقاپ ھاردۇق چېدىردا.
تۈن بويى توڭۇپ چىققان بارخانلار،
ئاپتاپقا قاقلاندى كەڭ ئېدىردا.

# خەلقىم

سېنى دەپ ئۆگەندىم،
سېنى دەپ ئىشلەپ،
ساڭا نەپ بېرىشتىن ئۆزگە نىيەت يوق.
مەن سېنى ئويلىدىم، ئويلايمەن خەلقىم،
سېنى دەپ ياشاشتىن ئۇلۇغ شۆھرەت يوق.

مېنى سەن چوڭ قىلدىڭ بېقىپ پەپىلەپ،
نۇرىڭدىن كۈچ تاپتى جىسمىمدا يۈرەك.
پارتىيە كۆرسەتتى يولنى-نىشاننى،
پارتىيە ساڭمۇ، ماڭمۇ يۆلەك.

يېشىڭ تەڭ تەڭرىتاغ يېشىغا خەلقىم،
سەن ئەمگەك، زېھنىڭدىن تارىخ ياراتقان.
ھۆرلۈكنىڭ ئاشىقى بولۇپ ئەزەلدىن،
بېشىڭغا باتۇرلۇق تاجىنى تاققان.

ھۈنەرمۇ، سەنئەتمۇ ئالار سەندىن جان،
ئادىمنىڭ ئىزدەنمەك ھەم قىلماق ئىجاد.

گاھى ئەۋج ئالدۇرار ناخشا ئۇسسۇلنى،
ياشلىق ۋە مۇھەببەت تەڭلا ئۆركەشلەپ.

## تاڭ قالدىم

چۆلدە قەد كۆتۈرگەن ئەي كۆركەم شەھەر،
ھاياجان ئىلكىدە كەزدىم كوچاڭنى.
نېفىتچى باتۇرلار شەنىگە ئالقىش
ياغدۇردۇم كۆرگەندە مەھەللە ـ باغچاڭنى.

ۋەتەننىڭ قۇچىقى چەكسىز بىپايان،
ئاسمىنى ئىپاردۇر، توپىسى ئالتۇن.
چەكسىزلىك ئىچىدە سەن جۇشقۇن پارچە،
بىراق سەن ھارارەت، تۈگىمەس يالقۇن.

يالقۇننىڭ ئوت ياقماس كىمنىڭ قەلبىگە،
سۆيۈنمەس كىم ئەمگەك مۆجىزاتىدىن؟
جەننەتكە ئايلىنىپ قاپتۇ جەزىرە،
تاڭ قالدىم ئادەملەر كارامىتىدىن.

1985 ـ يىل ماي، قاراماي.

# بېيدەيخې تەسراتلىرى

## (چاتما)

### بېيدەيخې قارىغىيىڭ ئوخشار قەلئەگە

بېيدەيخې ياشنىغان كۆك قارىغايلىرىڭ
قەلئەدەك مۇستەھكەم، سەلتەنەتلىك ھەم.
تىك تۇرار دولقۇنلۇق دېڭىز يۈزىدە،
تىك تۇرار جىلغىلىك ساھىلدا ھەر دەم.

تىك تۇرۇپ كەلمەكتە شەرقتە، قىرغاقتا،
قەد كېرىپ يىلتىزلاپ زاماندىن-زامان.
تۆۋەنگە — ئاپتاپتا قىزىغان يەرگە،
زەپ قويۇق ۋە سالقىن سايە تاشلىغان.

بار يىراق جايدىكى تەڭرىتاغدىمۇ،
مۇشۇنداق قارىغايلار تۈز ۋە باراقسان.
خرۇستال كەبى مۇز تاغدا، چوققىدا،
خرۇستال كەبى ئاق قاردا ياشنىغان.

چاقنايدۇ كۆزۈڭدە ئەقىل ـ پاراسەت.
ئالدىڭدا يوق چىگىش، سىرلىق تىلسىمات.

بۇركۇتتەك مەغرۇرسەن، دەريادەك ئويغاق،
ھەققەت بايرىقىڭ لەپىلدەپ تۇرغان.
باھاردەك ئىللىق سەن قېرىنداشلارغا،
دۇشمەنگە نەپرىتىڭ سوغۇق قەھرىتان.

جەڭلەردە، جاپادا خەنجەر ئىرادەڭ،
ئاپەتكە ئەگىلمىگەن يوق ھېچقاچان باش.
سېھىرلەر كۆزۈڭنى باغلىيالمىدى،
قەلبىڭدە يالقۇنجاپ يانغاچقا قۇياش.

بەختىمسەن، تەختىمسەن جانجان خەلقىم،
مېھرىڭدەك چوڭ بايلىق ھەم خاسىيەت يوق.
سېنى دەپ ئىشتا مەن، جەڭدە مەن ئەبەد،
سېنى دەپ ياشاشتىن ئارتۇق لەززەت يوق.

1985 ـ يىل، ياز.

ئاھ، دېڭىز ئادەملەر بىلەن سەن،
مېھرىبان دوست ھەمراھ بولۇپسەن.
مەن كەلسەم تەڭرىتاغ باغرىدىن،
ئاھ، دېڭىز ئەيلىدىڭ مەھلىيا.
بېيدەيخې دولقۇنۇڭ ھۆسنىنى
كۆرگەنتىم چۈشۈمدە مەن گويا...

## بۇ، ئاشۇ ھەيۋەتلىك شەنخەيگۇەنمىدۇ؟

بۇ، ئاشۇ ھەيۋەتلىك شەنخەيگۇەنمىدۇ؟
قەلبىمگە بۇرۇنلا مەھكەم ئورنىغان.
بۇ جۇڭخۇا مىللىتى غۇرۇرى-پەخرى
سەددىچىن سېپىلى باشلانغان ماكان.

سېپىلنىڭ راۋىقى ئېگىز، ھەيۋەتلىك،
بۇ سېپىل ھالقىغان تاغدىن-داۋاندىن.
ئەسىرلەر ئۆتسىمۇ تۇرماقتا ئەنە،
كۈچ ئېلىپ تارىخىي يامغۇر-بوراندىن.

تۈۋىدە پىرقىرار كەلكۈندەك ئاتلىق،
تاجاۋۇز قىلغانلار چېكەر ھەسرەت-غەم.
ئېتىلغان يا ئوقى ئۇچىدا گويا
قىزىل قان يالقۇنى چاقنايدۇ ھەر دەم.

تىك تۇرار ۋەتەننىڭ غەربىدە، تاغدا،
تەڭرىتاغ قارىغىيى قەلئەدەك ھامان.
زەربىدە قايتۇرار گۈلدۈرمامىنى
كۆكسىدە توسۇلار بوران، شىۋىرغان.

## كۆرگەنتىم چۈشۈمدە دولقۇنۇڭنى

ئاھ، دېڭىز!
تەڭرىتاغ تۇرغان
زېمىندىن كاتتا سەن بىپايان.
قارىسا كۆز يەتمەس چېتىڭگە،
كۆككە سۇ، سۇغا كۆك تۇتاشقان.
ئاھ، دېڭىز! دولقۇنۇڭ ئۆركەشلەر
تەڭرىتاغ چۆپىدەك جۇش ئۇرۇپ،
دولقۇنغا دولقۇنلار ئۇلىنىپ،
توزىسا بىر دولقۇن چېچەكتەك،
بىر دولقۇن پورەكلەر مەۋج ئۇرۇپ.
شاماللار چېچىڭنى تارايدۇ،
دولقۇنلار ئاتىدۇ ساڭا جان.
بېيدەيخې قۇچىقىڭ بىر ئەينەك،
تاۋلىنار ئۇنىڭدا كۆك ئاسمان.
سەيلىگە كەلگەننىڭ قاي بىرى،
خالىماس دېڭىزدا ئۈزۈشنى،
ساھىلدا مېڭىشنى ھەم راۋان؟

قايتا ئەسلىنەر شۇ تەسرلىك رىۋايەت:
قەدىمكى مىس رەڭ يەلكە پەقەت
قەدىمكى مىس رەڭ يەلكىگە مەھكەم تىرىلىپ،
ياساپتۇ
تەبىئي ئۇستىھكام كەبى ئالامەت،
بىر سەددىچىن سىپپىلنى،
قەد كۆتۈرۈپ.

## ساھىلنىڭ قۇمىدىن ئالدىم ئوچۇملاپ

تەكلىماكان قۇمىدىن ئۇچۇملىغاندەك،
مەن ئالدىم ناتونۇش
بىيدەيخې ساھىلنىڭ قۇمىدىن،
ئۇچۇملاپ قولۇمغا
تەڭرىتاغ باغرىدىكىدەك سەممىيەتتە،
سۆيدۇم ئۇنى ئاۋايلاپ.
بارمىقىم ئارىسىدىن چۇشتى قۇم ئېقىپ،
يۇمشاق دېڭىز ساھىلىغا،

تۇگىمەس ئېقىندەك تاراملاپ،
قۇياش نۇرىدا ئۇنچىدەك جۇلالاپ.
ئالدىمدا مۇز تاغدەك كۆك دېڭىز چاقنار،
ئالدىمدا شۇڭقاردەك ئاق چايكا ئوينار،
بۇ جاي يۇرتۇمدەك رەڭدار،
بۇ جاي يۇرتۇمدەك كۆلەر ـ نۇرلىنار...

بۇ، ئاشۇ ھەيۋەتلىك شەنخەيگۇەنمىدۇ؟
قەلبىمگە بۇرۇنلا مەھكەم ئورنىغان.
كۆز سالسام يىراققا، ئېتىز ـ دالىغا،
تارىخنىڭ ئۇسقى ئۇزرە چاك ـ تۇمان.

## مىڭجيانىڭ بۇتخانىسى

ئۇچ بىنا مىسكىن ئۆي،
تۇرار بۇ تاغدا كۆتۈرۈلۈپ،
مىڭجيانىڭ بۇتخانىسى
ئەگرى ـ بۈگرى سەددىچىن بىلەن
تۇرىدۇ يۈزمۇيۈز تەلمۈرۈپ.
شۇ يىللاردا، شۇ ئايال شۇ يەردە جەزمەن
كۆكۈش قىيا تاش ئۇستىدە تۇرۇپ،
قارىغاندۇ سەددىچىنگە تىكىلىپ،
ئېرىنى ئاختۇرۇپ،
ئاھ ئۇرۇپ.
كۆز ياشلار كەتتى قۇرۇپ،
پايانسىز يوللارغا چېچىلىپ.
ھەيۋەتلىك تاغلارغا تۆكۈلۈپ،
ئۆركەشلىك دەرياغا قېتىلىپ.

تاۋاپ قىلار سەيلىچىلەر تەلپۈنۈپ،
ئۇزۇلمەي كېلىپ.

## بىزنىڭ شىنجاڭ

ئانا يۇرتۇم گۈزەل شىنجاڭ،
بېھىشتەك گۈل ـ گۈلىستانىم.
سېنىڭدە كۆز ئېچىپ ئۆستۈم،
سۆيۈگىدەك ئاق دىلىستانىم.

باقار بولسام ئۇرار ئۆركەش،
غۇرۇر دەرياسى قەلبىمدە.
كۈئىنلۈندەك بۈيۈك قامەت،
ئۇلۇغلۇق بار شۇ خەلقىمدە.

ئۇسسۇل ـ ناخشا ماكانىسەن،
نېمەتلەرنىڭ بۇلاق ـ كانى.
چېچەكلەپ مېۋىلەر بەردى،
كىشىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانى.

كۆرۈپ كەتكىن جاھان خەلقى،
مېنىڭ گۈلزار ماكانىمنى.
تاماشا قىل كۈرەش بەرگەن،
قۇياشلىق ھۆر باھارىمنى.

1985 ـ يىل ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى.

سۆيدۈم مەن ئۇنى،
تەڭرىتاغ باغرىدىكىدەك سەممىيەتتە،
شۇنچە يېنىك، ئاۋايلاپ،
سۆيدۈم،
ئۇزاق تەلپۈنگەن بۇ يىراق جاينى،
مۇھەببەتلىك دېڭىز چېگراسىنى،
سۆيدۈم يۈرىكىم ئويناپ.

1985-يىل ئىيۇل، بېيدەيخې.

## تەبىئەت ئالدىدا ئادەملەر غالىب

—— ئۈلۈغچات ۋە ئوپالدا ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش مۇناسىۋىتى بىلەن.

دەرەخ سىلكىنىپ، زېمىن تىترىدى،
تاغلار ئۆرۈلۈپ يەرگە كەتتى چاك.
ئاھ گۈزەل ئوپال، ئەلۋەك ئۈلۈغچات،
ئېزىز يۇرتىدىشىم بولارمۇ ھالاك؟

تاملار ئۆرۈلۈپ، ئۆي بولدى ۋەيران،
قانداش قېرىنداش قالدى ماكانسىز.
يەر تەۋرەش شۇنداق مۇدھىش ئاپەتكەن،
ھايات، مال ـ مۈلۈك كۆمۈلدى ئۈنسىز.

ئۆتمۈشتە ئەگەر تەۋرەپ قالسا يەر،
ئۆلۈم، سەرسانلىق شورىمىز ئىدى.
بۈگۈن جاي ـ جايدىن دوستلۇق قوللىرى،
ئۈلۈغچات، ئوپال تامان سوزۇلدى.

مەركەز ھال سوراپ ئەۋەتتى كىشى،
كەلدى ياردەمگە پۇقرايۇ، رەھبەر.

# ياشنا، يېشىل تۇرپان

سايىۋە،
سىنەقە،
ئاھ، قەدىم دىيارنىڭ ئۈزۈمى پىشتى،
شاخلىرىنى كۆتۈرەلمەي ئېگىلىپ چۈشتى.
كۆھەردەك،
ياقۇتتەك،
شېرىن ئۈزۈمدىن مەست بولار كىشى.
دوپپىلار تاۋلىنار
كۆڭلەك يەلپۈنەر،
ئاھ، ئۈزۈمچى قىز كۈلەر قاقاقلاپ،
پەرىلەر ناخشىسى كەتتى جاراڭلاپ.
ھوسۇلنى ئۇلۇغلاپ،
بايلىقنى قۇتلاپ،
ناخشىدا مەستخۇشلۇق، شادلىق كۈيلىنەر.

ياشنا، روناق تاپ، ئەي يېشىل تۇرپان،
سەن بوغدا باغرىدا گۈللىگەن بوستان.

1985-يىل ئاغۇست، ئۈرۈمچى.

# تەگرىتاغىنىڭ شادلىقى

يەنە توي، يەنە بايرام تەگرىتاغدا،
كۆلمەكتە ئۈچ ـ ئۈچىدىن بۇ ئانا تاغ.
بالىسى چۆشمەمدىكەن خۇش ساماغا،
توي ھېسى ئانىسىنى قۇچسا بۇ چاغ.

كەپتەرلەر كۆتۈرۈلدى كۆك ئاسمانغا،
شادلىقنىڭ بولۇتلاردىن ئاشقىنى شۇ.
كۆلىدۇ ئالتۇن قۇياش شولا تۆكۈپ،
نۇرلاردىن چاچقۇ كېسىپ چاچقىنى شۇ.

گۈل تۆكەر ئېتىكىگە تەگرىتاغىنىڭ،
تەبىئەت ئاشۇ تويدا قۇچاق ـ قۇچاق.
ئۇلغىيىپ بوۋغۇن چېچىپ گىرۋەكلەرگە،
دەريالار ئېيتىپ كېلەر ئۇتلۇق قوشاق.

ئوتتۇز يىل، ئۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت ئەمەس،
ۋە لېكىن ئۆزگىرىشلەر ئاسمان ـ زېمىن.
ئەسىرلىك ئىشنى قىلدۇق شۇ يىللاردا،
يېپىندى گۈلدىن لىباس يىراق ـ يېقىن.

كەلدى جەڭچىلەر قوتقۇزۇش ئۈچۈن،
ئىللىدى ئەلنىڭ قەلبى شۇ قەدەر.

كۆرەش قىلماقتا ئاپەتكە قارشى،
مىڭلىغان ئاممىا بولۇپ ئۇيۇلتاش.
كادىرلار ئەلگە تىكمەكتە جاننى،
بولۇپ پىداكار، بولۇپ يۇرتقا باش.

نە قەدەر ياخشى بىزنىڭ بۇ دۆلەت،
نە قەدەر ياخشى غەمخور پارتىيە.
نە قەدەر ياخشى بىزنىڭ ھۆكۈمەت،
نە قەدەر ياخشى بىزنىڭ ئارمىيە.

ئېغىر بولسىمۇ ئاپەت ۋە لېكىن
بىزنى ئەلەمگە كۆمەلمەس پەقەت.
بىز باتۇر جۇڭخۇا ئوغۇل-قىزلىرى،
يۇرتنى قايتىدىن قىلىمىز جەننەت.

پارتىيىمىز بار، ئىشەنچىمىز بار،
پۈتۈن مەملىكەت كۆرسەتتى ياردەم.
غالىب كەلدۇق شۇم ئاپەت ئۈستىدىن،
چۈنكى بىز شۇنداق جۇڭگولۇق ئادەم.

1985-يىل 30-ئاۋغۇست، قەشقەر.

## بىلىم نۇرى

ئادەملەر بىلىمسىز تاپالماس روناق،
تەبىئەت قۇياشسىز بولغاندەك خاراپ.
پەن ـ ئىلىم مەنىۋى ئوزۇق،
ئۇنىڭسىز
كۆڭۈلنى قاراڭغۇ تۈن ئالار ئوراپ.

نادانىنىڭ دىلى كور، كۆرمەس يىراقنى،
بىلىم نۇر دىللارغا، ئەقىلغە قانات.
بىلىمدە يېشىلەر تىلسىملار سىرى،
ياشنايدۇ ۋەتەن ھەم گۈللىنەر ھايات.

1985 ـ يىل سېنتەبىر، ئۈرۈمچى.

ھەر مىللەت شۇنچە قوۋناق بۇ ماكاندا،
يۈكسىلىش ئۈچۈن ئالغا ئاتلىماقتا.
يېپيېڭى گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇۋېلار، دەپ
بىزلەرنى پارتىيىمىز باشلىماقتا.

باياشاد تۇرمۇش ئېلىپ كەلدى بىزگە،
مەركەزنىڭ باي قىلغۇچى سىياستى.
تەر سىڭىپ، شورتاڭلاردا ئۈنۈپ مايسا
چۆللەرنىڭ ئۆزگەرمەكتە قىياپىتى.

يەنە توي، يەنە بايرام تەكرىتاغدا،
كۆلمەكتە ئىچ-ئىچىدىن بۇ ئانا تاغ.
قىز-يىگىت چۆشمەمدىكەن شاد ئۇسسۇلغا،
توي ھېسى ئانىسىنى قۇچسا بۇ چاغ.

1985-يىل سېنتەبىر.



ئورۇمچىماي قىينى مېھمان بولۇڭلار،
قارشى ئالىمىز سېلىپ پاياندار.
ئېلىپ كەپسىلەر بىباھا سوۋغات:
ھايات بەخش ناخشا، شوخچە گۈزەل ناز...

1985-يىل سېنتەبىر، ئۈرۈمچى.

# خۇش كېلىپسىز، سەنئەتكارلار

—— مەركىزىي مىللەتلەر ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى بىلەن نەنجىڭ
ھەربىي رايونى ئالدىنقى سەپ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ
شىنجاڭغا ھال سوراپ ئويۇن قويۇش ئۈچۈن كەلگەنلىكى
مۇناسىۋىتى بىلەن.

ئانا يۇرتىمىز-دىيارىمىزنىڭ،
قۇتلۇقلاپ ئوتتۇز يىللىق توينى؛
كەپسىز مېھمانلار بېيجىڭ، نەنجىڭدىن،
ھىدلاپ سۈت-قىمىز، ئالما بۇيىنى.

ئالتۇن كۈز بۈگۈن مېۋىلەر پىشقان،
مول ھوسۇل بىزنى قىلغان شادىمان.
تەڭرىتاغ بۈگۈن كىيىپ يېڭى تون،
سالدى سىلەرگە كەڭرى داستىخان.

ئۇيغۇرلار باغقا باشلايدۇ سىزنى،
كىگىز ئۆيلەردە بولغايسىز مېھمان.
پىشۇرۇپ كاۋاپ، تارتىمىز پولۇ،
قوغۇن ھەم تاۋۇز پىچىلار شۇ ئان.

سىز دەيسىز بىلمىسىز بولماس كەشپىيات،
كەشپىيات ــ ئىلىمدىن ياشنايدۇ دۇنيا.

سىز دەيسىز ئەل بىلەن گۈللىنىدۇ ئەر،
ۋەتەن دەپ ياشىماق شەرەپ ھەرقاچان.
شۇ روھتا تەمەسىز كەلدىڭىز ئىشلەپ،
سىز ھامان جاپاكەش نامسىز قەھرىمان.

1985 ــ يىل سېنتەبىر.



## مۇئەللىم، سىز نامىسىز قەھرىمان

كەسپىڭىز ئىچۇرۇش بىلىم كەۋسىرى،
دىللارغا غايىدىن يېقىش نۇر چىراق.
دوسكىنىڭ ئالدىدا بوردەك توزۇنداپ،
مۇئەللىم چېچىڭىز بولۇپتۇ ئاپئاق.

ياشلارغا ياشاشنى ئۆگەتتىڭىز سىز،
مېڭىشنى، ئىشلەشنى، چېلىش - يېڭىشنى.
شېغىلدىن مەرۋايىت،
تاشلاردىن ياقۇت،
قۇملاردىن قانداقچە ئالتۇن ئېلىشنى.

سىز — باغۋەن، كۆچەتكە ئەجىر سىڭدۈرگەن،
سىز — دېھقان، ئۇرۇقنى تەر تۆكۈپ تەرگەن.
قانچىلاپ شوڭقارلار بولدى ئۇچۇرما،
ئۆزىڭىز يەم بەرگەن، ئۇسسۇلۇق بەرگەن.

زامانىنىڭ نۇرىدىن كۆڭلىڭىز يورۇق،
كىتابلار ئەقلىنىڭ خەزىنىسى گويا.

## ئېزىز مېھمانلار

—— مەركىزىي ۋەكىللەر ئۆمىكى شەرىپىگە.

ئۇرۇمچى تويلۇق لىباس كىيدى قىزدەك،
دەل-دەرەخ، گۈل چېچەكلەر شۇنچە رەڭدار.
شادلىقىنىڭ دېڭىزىغا چۆمدى شىنجاڭ،
خەلقىمىز ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئوينار.

مەركەزدىن كەلدى قۇتلاپ مېھمان بۈگۈن،
گۈل سۇنۇپ ئۇتتۇز يىللىق مەرىكىگە.
نەزىرى چۈشتى ئىللىق جۇڭنەنخەينىڭ،
كوئىنلۇن، تەڭرىتاغىنىڭ ئېتىكىگە...

ھاياجان باستى مېنى شۇ مىنۇتتا،
نېمىشقا شېئىرىمنى قىلماي تەقدىم.
مېھمانلار، خۇش كېلىپسىز شەرەپ ئېلىپ،
ئەل بەختى مېنىڭ بەختىم، مېنىڭ پەخرىم.

مېھمانلار، قەدىردانلار، ئېزىز دوستلار،
يۇرتۇمدا كۆپرەك تۇرۇپ، كۆپرەك كۆرۈڭ.

# سۆيۈملۈك يۇرتۇم

شىنجاڭ، شىنجاڭ سۆيۈملۈك يۇرتۇم،
بايلىقى مول ئەجەب ئۈز جايسەن.
شېرىن قوغۇن، ئۈزۈمىڭ بىلەن،
داڭلىنىشقا ھەقلىق، يارايسەن.

شىنجاڭ، شىنجاڭ، ئەي گۈزەل يۇرتۇم،
ئەلۋەك قوينۇڭ شۇ قەدەر كۆركەم.
كۆرسە كىشى ئاشىق بولغۇسى،
ۋادىلىرىڭ مەڭگۈلۈك كۆكلەم.

شىنجاڭ، شىنجاڭ، بەختىيار ماكان،
مىللەتلەرنىڭ قوۋناق دىيارى.
قولنى قولغا تۇتۇشۇپ مەھكەم،
گۈللەتمەكتە قوينۇڭنى بارى.

شىنجاڭ، شىنجاڭ، مېنىڭ باي يۇرتۇم،
ئىستىقبالى چەكسىز گۈزەل جاي.
ئىسلاھاتتىن سەن قۇدرەت تېپىپ،
كەلگۈسىگە ئاچتىڭ نۇر چىراي.

1985-يىل سېنتەبىر، ئۈرۈمچى.

# گۆھەر زېمىندا توي

توي بۈگۈن شنجاڭدا — ئانا ماكاندا،
گۈل دېڭز، بايراقلار جلۋىسى ئوتقاش.
مۇقامدا كۈيلنەر شادلق، تەنتەنە،
كەلدى قوش توي، كۈلۈپ ئۆرلدى قۇياش.

داپ چالدى تاغ كيىپ بادام دوپپنى،
دەريالار تولغنىپ چۈشتى ساماغا.
يەلپۈندى شەپەقنڭ رەڭدار كۆڭلكى،
گۈلشەنلەر خۈش ئىپار سەپتى هاۋاغا.

ياڭرايدۇ كۈي - ناۋا تەرەپ - تەرەپتن،
بۇ كۈيدە بار بەخت، ئارزۇ هاياجان.
بۇ كۈيدە بۇلبۇلنڭ خەندانلرى بار،
بۇ كۈيگە ئۈن قاتار شاۋقۇنلاپ ئورمان.

بەن، باقسام تويدكى هۆسنۇڭگە شنجاڭ،
كۆكسۈمدە ئىلهاملار ياسايدۇ قيان.
زۇمرەتتەك باغلرڭ، ئالتۇن تاغلرڭ
جلۋىسى بەختڭنى قلار نامايان.

يۇلتۇزلۇق ئاسمىنىنى، قۇچىقىنى،
سەيلە قىپ، قايناملاردا ئەركىن ئۈزۈك.

شەرەپلىك ئوتتۇز يىللىق مۇساپىمىز،
نۇسرەتكە، ئۇتۇقلارغا پەۋەس تولغان.
پارتىيە تۈۋرۈكىمىز، خەلق يۆلىنىپ،
ئادىللىق، دانالىقتىن ئۆرە بولغان.

شادلىقنىڭ قاينىمىدۇر ئىلى - تارىم،
ھەر مىللەت ياشار ئىشلەپ پاراغەتتە.
مېھمانلار، بىللە ئويناپ قۇتلۇق تويىنى،
شادلىققا شادلىق قوشۇڭ بۇ سائەتتە.

1985-يىل 29-سېنتەبىر، ئۈرۈمچى.

سىغماس مىڭ داستانغا سېنىڭ تەرىپىڭ،
قەلبىمنى تۇتىمەن تويۇڭدا ساڭا.
بەختىڭنى قۇتلۇقلاپ ئانا، ئېگىلدىم،
كۈن كۆزۈڭ بىلەن شاد باققاندا ماڭا.

1985 - يىل ئۆكتەبر.



كۆلسەن مەرىپەت نۇرلىرى ئىچرە،
كۆلسەن ئىناقلىق گۈللىرى ئىچرە.
كۆلسەن، ياراتسا قۇچاقلىرىڭدا،
قۇرۇلۇش، ئىسلاھات يېڭى مەنزىرە...

ئانىنىڭ سىماسى بار قامىتىڭدە،
جەڭچىنىڭ جۈرئىتى جاسارىتىڭدە.
پىكىرلەر گۈل ئاچقان پاراستىڭدە،
ئالىمنىڭ ئەجرى بار ماھارىتىڭدە.

سەندە بار ئەبەدىي تۈگىمەس بايلىق،
سەندە بار سوۋۇماس مېھىر — ئۇ گۈلخان.
پارلار خەلق ئارزۇسى ھەربىر تېڭىڭدا،
گۈزەللىك، يېڭىلىق بولۇپ نامايان.

جۈت بېسىپ بۇلۇتلار بولۇشقاندا جەم،
شۇبرغان ھۇشقۇيتقان پەسىللەردە ھەم.
ئۆستۈردۈڭ گۈللەرنى قوينۇڭدا ئاسراپ،
تارتساڭمۇ تىترىمەي، تالاي دەرد-ئەلەم.

مېھرىڭنى تومۇزنىڭ ئاپتىپى دەيمۇ،
ئەي شىنجاڭ كەلگۈسىڭ ئوخشايدۇ تاڭغا.
شەپەقە يېزىلار بەختىڭ قامۇسى،
بىز ئىگە بولىمىز قاناتلىق ئاتقا.

ۋەتەنداشلار ياقتۇرار سىلەر سۆيگەن پويىزنى،
مىننەتدارلىق ئۇلارنىڭ يۈرىكىدىن تاشماقتا.
ھەممە مىللەت ياشلىرى ئۆلگە قىلدى سىلەرنى،
ھەممە سەپنىڭ سىلەرگە مۇھەببىتى ئاشماقتا.

تەبرىكلىدىم سىلەرنى بۈگۈن كېلىپ بۇ يەرگە،
تۆتىنچى رەت بىرىنچى بولغايسىلەر كېلەر يىل.
يەنە شاراپ ئىچكەيمەن مۇبارەكلەپ ئاشۇ چاغ،
سۇنۇپ رەڭدار گۈلدەستە كۆيلەر مەردنى تەشنا دىل.

1985 - يىل 30 - نويابىر، ئۈرۈمچى.



# شانلىق پويىز

—— ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى بېيجىڭ پويىز ئەترىتىنىڭ بېيجىڭغا قاتنايدىغان پويىزلارنى باھالاپ سېلىشتۇرۇشتا "ئۇدا ئۈچ قېتىم بىرىنچى" بولغانلىقىنى بۇ شېئىرىم بىلەن تەبرىكلەيمەن.

قار لەپىلدەپ ياغقان چاغ خۇش خەۋەرنى ئاڭلىدىم،  
بوپتۇ يەنە بىرىنچى "بېيجىڭ" ناملىق بۇ ئەترەت.  
بۇ شىنجاڭنىڭ شەرىپى، ئىپتىخارى، غۇرۇرى،  
تەبرىكلەيمەن سىلەرنى ئىزھار قىلىپ مۇھەببەت.

"قىزىل بايراقلىق پويىز" ۋە "مەدەنىي پويىز" دەپ،  
ئاتاق بەردى دەۋرىمىز، ئەترىتىڭلار شەنىگە.  
يولۇچىنىڭ ئۆز ئۆيى — ماكانىدەك ئىللىق، خۇش  
پويىز ئىچى ئايلانغان دوستلۇقنىڭ گۈلشەنىگە.

ئۆكسىمەيدۇ تەبەسسۇم كىشىلەرنىڭ چېھرىدىن،  
كۆپچىلىكنىڭ غېمىنى ئۆز غېمىڭلار بىلگەچكە.  
مۇلازىمەت سۈپەتلىك، يۈكسەكلىككە چىقىپتۇ،  
كېچە-كۈندۈز تەر تۆكۈپ سىلەر جاپا چەككەچكە.

# سەنئەت گۈلى

— «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 300 - سانى نەشر قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن.

جاھانىدەك گۈزەل تارىم بويلىرى،
ساڭا گۈزەل نام ئاتا قىلىپتۇ.
«تارىم»، جىلۋىلىك، شېرىن سەھىپەڭ
تارىم سۈيىدەك جۇشقۇن ئېقىپتۇ.

ئانا ۋەتەننىڭ گۈزەل باغرىدا،
«تارىم» چىرايلىق بىر سەنئەت گۈلى.
خانتەڭرىگە خاس ئۇسلۇب، رەڭ بىلەن
سىرىلار ئۇندا يۇرتىمىز ھۆسنى.

تالاي يازغۇچى، تالاي شائىرنى
يېتىشتۈردۈڭ سەن پەرۋىش قىلىپ.
ئۈچ يۈز گۈلدەستە سۇندۇڭ ئېلىڭغا،
ئىجاد بېغىدا ياشناپ ئېچىلىپ.

## پەنگە مۇھەببەت

ئىلىم - پەن سۆزى نۇر چاچىدۇ، چىللاپ
بىھساب ئادەمنى ئۆرلەشكە ھامان.
ئۇندەيدۇ ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىشقا،
مەردانە ئىلگىرىلەپ ئاتلاشقا داۋان.

پەن راۋاج تاپقۇزار جەمئىيەتنى ھەم،
ئىنسانلار تۆھپىسىن قىلار نامايان.
ھېچ نەرسە ياشالماس پەندىن ئايرىلىپ،
باغلانغان ئۇنىڭغا جىمى جان - جاھان.

پەن كېرەك باشقۇرۇش، ئىش يۈرگۈزۈشتە،
ئايرىلسا ئۇنىڭدىن بىپىماس دېھقان.
ئۇ بۇلاق، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشتە،
بولمايدۇ ئۇنىڭسىز زامانى دەۋران.

ھاۋادەك زۆرۈركى بىلىم ئادەمگە،
پەن ئەھلى ھۆرمەتكە ئىگە ھەرقاچان.
پەننىڭ زەر ئاچقۇچىن قوللارغا ئالساق،
ئىستىقبال تاڭ كەبى قىلىدۇ جەۋلان.

1986 - يىل يانۋار، ئۈرۈمچى.

# تەڭرىتاغقا يېڭى مەدھىيە

—«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن.

ئەي تەڭرىتاغ،
ئاق چاچ بېشىڭ كۆككە تاقاشقان.
باغرىڭ گۈلشەن،
بىلەر سېنىڭ داڭقىڭنى جاھان.

قايىنار بۇلاق، گۈلدۈرلەيدۇ شارقىراتمىلار،
مىسلى زۇمرەت ئارچا ـ قارىغاي ياپيېشىل ئورمان.
يۈز ئاچىدۇ سەندە دائىم يېڭى مەنزىرە،
ئالتۇن، كۈمۈش، گۆھەر قىلغان قوينۇڭنى ماكان.

تاغلار مەزمۇت، ئادەملىرىڭ مەزمۇت تېخىمۇ،
گۈللەر ئېسىل، ئاي يۈملاق ئاقىرىپ تولغان.
سۆيسەم ـ سۆيسەم سېنى سۆيگۈم تۈگىمەس، قايىنار،
ئەي ئانا تاغ يۈرەك ـ باغرىم ساڭا چېتىلغان.

مۇشۇ شېئىرىم ساڭا تەبرىكىم،
خۇش ھىدىڭ بەرسۇن ئەلگە زوق، غەيرەت.
ۋەتەن قوينىغا تولۇپ ئېچىلغىن،
باسمىسۇن ئەلنى ھېچقاچان غەپلەت.

1986 ـ يىل يانۋار، ئۈرۈمچى.



# ياشلار ئوقۇ ياشلىقىڭدا

يىل قايتمايدۇ،
قايتمايدۇ ھەم ياشلىقمۇ،
ئوقۇ-ئۆگەن ياشلىقىڭدا ئەي ياشلار.
ئىستىقبالنىڭ دەرۋازىسى مەكتەپتە،
ئوت يۈرەك مۇئەللىملەر يول باشلار.

ياشلىق دېگەن باھاردۇر ئۆمۈرنىڭ،
يىلنىڭ ئىشى باشلىنىدۇ باھاردىن.
قۇرۇق گەپ، ئوي، ۋەسۋەسگە بېرىلمە،
يول ئىزگىز-پەس، پۈتلىشسەن بىكاردىن.

تاپار ياشلىق چەكسىز بايلىق بىلىمدىن،
تاپار ۋەتەن مېھرىدىن ھەم شەرەپشان.
ساقلار بىلىم ياشلىقىڭمۇ قەدرىنى،
غايە چىراغ ياشلىق ئۈچۈن ھەرقاچان.

پەرۋاز قىلغىن قانات ياساپ بىلىمدىن،
كۆتەر ۋەتەن، كۆتەر سېنى كەڭ ئاسمان.

ناخشا ـ ئۇسسۇل يۇرتىنىڭ كۆي ـ ئۇسسۇلى گۈزەل،
رەڭدار سۈرەت سەنئەت بېغى گۈللەپ ـ ياشنىغان.
مەن كۆيلىسەم تەڭرىتاغنى يېڭى ناخشىدا،
دولقۇنلىنار دەريا بولۇپ چەكسىز ھاياجان.

خويمۇ ئىللىق يەلپۈپ تۇرار باھار شامىلى،
خويمۇ يارقىن ئالتۇن ئاپتاپ كۈلگەن ـ چاقنىغان.
تىلەيمەنكى قارلەيلىسى تەڭرىتاغ ئۆزرە،
پورەكلىسۇن ھۆسن تۈزۈپ زاماندىن ـ زامان.

1986 ـ يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى.



# ئالتاي لىرىكىسى

(چاتما)

## يېشىل ئالتاي

ئالتاي سېنى تاغلار ئوراپ تۇرۇپتۇ،
گۈل بويۇڭنى باغاشلاپتۇ كۆك ئورمان.
ئايىغىڭدا قىران سۈيى دولقۇنلار،
ئىككى قاشتا ئەلۋەك قىشلاق جاي ئالغان.

ئالتاي ئۆزۈڭ تاشلىق شەھەر ۋە لېكىن،
تاغلىرىڭ كۆك، سۇلىرىڭ كۆپ، يېرىڭ باي.
قۇچىقىڭدا مەدەنىيەت گۈللىگەن،
چېگرادىكى بىر شەھەرسەن گۈل چىراي.

كۆزنى تارتار، دىلنى تارتار مەنزىرەڭ،
سەن يايلاقلار كۆركى گويا چاقنىغان.
سەن سۈت-قىمىز، شېئىر-كۈينىڭ قاينىمى،
مالچىلارنىڭ قۇت ماكانى يايرىغان.

ئەلگە قەلبىڭ بەرسۇن نۇر ۋە ھارارەت.
ئىجاد يولى، نۇرلەش يولى بىپايان.

بىل ئۇنچىلا ئاسان قولغا كەلمىگەن،
ئوقۇيدىغان مەكتەپ، ئىمكان ۋە زامان.
كۆرۈندۇ باقساڭ ئارتقا بۇرۇلۇپ
باسقان يوللار، چەككەن جاپا،
ئاققان قان.

باق يىراققا،
تاغلارنى كۆر، باغنى كۆر،
ۋەزنىنى سەر يەلكەڭدىكى يۈكلەرنىڭ.
ئوقۇغۇچى بول ھاياتتا، ئىزدەنگىن،
غېمىنى قىل ئالدىڭدىكى كۈنلەرنىڭ.

ياشلىق پەسلى — ئۈمىد پەسلى، ئەجىر قىل،
ئۆتكەن ھەقسىز نەپ بېرىشنى باھاردىن.
تۆھپە يارات، پايدا ـ شۆھرەت ئىزدىمەي،
ئاتقان ئوقۇڭ ئاداشمىسۇن نىشاندىن.

1986 ـ يىل ئەتىياز، ئۈرۈمچى.

خالىماس كىم سىرلىق چومبەلنى قايرىپ،
ئۆزۈپ كۆلدە مەست بولۇشنى تاتلىق؟

سۈپسۈزۈك گۆھەرگە ئوخشايدۇ قاناس،
يېشىل تاغ، كۆك ئورمان ئارا چاقنىغان.
ھېكمەتلىك ئەينەككە ئوخشايدۇ قاناس،
يۈز ئاچقان سۇ ئىچرە بولۇت ۋە ئاسمان.

ئۇندا يوق دەريانىڭ قاينام ھەيۋىتى،
يوق دېڭىز دولقۇنلار ئۇرغان مەنزىرە.
ۋە لېكىن نازۇك بىر لەۋەنلىك بىلەن،
دىللارنى سالىدۇ قاناس لەرزىگە.

كۆك قارىغاي كۆككە بوي سوزۇپتۇ قاشتا،
كۆك چۆپلەر كۆكەرتكەن چوققا ـ قىيانى.
ھۆپپىدە قاپلاپتۇ ئەتراپنى گۈللەر،
ياۋا غاز، تۇرنىلار يارار سامانى.

قاناس سەن ئەجەبمۇ كۆركەم، ئاجايىپ،
قاناس سەن ئەجەبمۇ جىمجىت بىغۇ بار.
ھۆسنۈڭنى قانغۇچە قىلدىم تاماشا،
بېلىق راۋىقىدا سومۇرۇپ ئىپار.

كۆرۈنۈشلەر مەست قىلىدۇ يۈرەكنى،
دالالىرىڭ رەڭدار گىلەم بىپايان.
باغرىڭ گويا گۈزەللىكنىڭ ئالىمى،
يېڭى ھايات جۇشقۇنلىغان، قايىنىغان.

ئالتاي ئۆزۈڭ يېشىل ياقۇت، جۇلالىق،
ئانا يۇرتنىڭ ئۇپۇقىدا نۇر چاچقان.
ئالتاي ئۆزۈڭ گۆھەر قاچا، ھېكمەتلىك،
قوينۇڭ چارۋا، زەر-كۈمۈشكە لىق تولغان.

ئالتاي سېنىڭ جىلۋە قىلغان بۈگۈنىڭ،
قىزغا ئوخشار تولۇپ يەتكەن بويىغا.
ئالتاي ئەتەڭ قاماشتۇرار كۆزلەرنى،
ئالتۇندىن تاج كىيەرسەن ئەل تويىدا.

## گۈزەل قاناس كۆلى

بىلەمسىز، قاناسنىڭ گۈزەللىكىدىن،
زوق-ھۇزۇر ئېلىشقا كەلدىم قانچە رەت؟
چوڭ قىزىل بېلىقنىڭ رىۋايىتىمۇ،
قوزغىتار ئۆزگىچە ھەۋەس-مۇھەببەت.

خالىماس كىم بۇندا سەيلە قىلىشنى؟
بېلىقنى كۆرۈشنىڭ ئۆزى بىر شادلىق.

رەڭدار بولۇت چاقنار كۆكتە،
گۈللىرىدىن تامدۇ ھەسەل.

يىگىتلىرى شۇڭقاردەك غەيۇر،
قىزلىرى گۈل-كۆلگەن ھەر مەھەل.
چارۋىچىنىڭ ماكانى يايلاق،
مەست قىلغۇدەك سۈرەتتۇر گۈزەل.

## سۇ—ھاياتلىق كەۋسىرى سەن

ئاھ زۇمرەت سۇ،
ھاياتنى ياشنىتار سۈت-كەۋسەر سەن ھەر دەم.
ئىنسانلارغا چېچىلغان
شىپالىق زەمزەم.
يەر ساڭا ھاجەتمەن
موھتاج تاغ-قىيا،
ئاپتاپقا، ھاۋاغا ئوخشاشلا گويا.
ئايرىلالمايدۇ
جىمىكى شەيئىلەر سېنىڭدىن بىردەم.

بارچىگە جانلىنىش ئاتا قىلسەن،
بېغىشلاپ ھاياتلىق تەبىئەتكە ھەم.
كىيگۈزسەن يېشىل تون-لىباس،
بولۇپ پايانسىز زېمىنغا ھەمدەم.

خىسلەتلىك گۈزەللىك بولغاچقا سەندە،
ئىنسانغا تۇيۇلۇپ كەتمەيسەن يىراق.
قايتىشنى ئۇنتۇيدۇ ساياھەتچىلەر،
يېقىلىپ كۆڭۈلگە ۋەسلىڭدىن چىراق.

ئاھ، قاناس، ئۇنچە سەن ۋەتىنىمنىڭ گويا
ئانىلىق ئەگىنىنى بېزەپ چاقنىغان.
ئاھ، قاناس، سۈپسۈزۈك ئەينەكسەن گويا،
چېگرىنىڭ ھۆسنىنى قىلغان نامايان.

## رەڭدار يايلاق

چەكسىز رەڭدار زىلچىدەك، ياكى
گۈلشەن ئوخشاش نۇردىن ئىچكەن ھەل،
نەپىس كەشتە كەبى گوياكى،
تەڭرىتاغنىڭ يايلىقى گۈزەل.

تىزما تاغلار ئۇنىڭغا سېپىل،
ئورمانلىقلار توسۇق ۋە ئۆتكەل.
گىيا-گۈللەر لىباس مىسالى،
دەريا-بەلباغ باغلاش ئۇچۇن بەل.

بۇ يەرلەرنىڭ ھاۋاسى خۇش بۇي،
شاماللىرى ئېيتىدۇ غەزەل.

# ئەزىمەتلەر بەيگىسى

—— پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەنىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىدا، مەملىكەتلىك 3 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەركىزىدە ئۆتكۈزۈلگەندە ئىلھامىم تاشقىنلاپ، قولۇمغا ئىختىيارسىز قەلەم ئالدىم.

ئالتۇن پەسىل ئالتۇن نۇردا چاقناپ بۇ شەھەر،
مىسلى چۆچەك دۇنياسىدەك تاۋلاندى ھەيۋەت.
يۈزلەردە گۈل، كوچىلەردە چىمەن جىلۋىسى،
ئىمارەتلەر، يوللار گويا رەڭگارەڭ سۈرەت.

بۇندا مىللىي تەنتەربىيە تۈزدى كەڭ مەيدان،
ئەللىك ئالتە مىللەتتىن جەم بولدى ئەزىمەت.
تولدى مىللىي تەنتەربىيە مۇنبىرى گۈلگە،
داستان بولدى ئىتتىپاقلىق، مېھرى - مۇھەببەت.

لەپىلدەتتى بوغدا نۇرلۇق شەپەق تۇغىنى،
بوغدا كۆلى تۈتتى زۇمرەت قەددىھتە كەۋسەر.

سۇ بولسا نەدە،
يېشىللىق شۇ يەردە،
يۈز ئاچار يۈز خىل رەڭ،
جىلۋىلەر كۆركەم
قىلىدۇ جۇشقۇنلۇق ـ گۈللىنىش جەۋلان.
ئېتىز، باغقا سېنى باشلىسام،
يۈرىكىمنىڭ قاتلاملىرىدا
دولقۇنلىنار قايناق ھاياجان.
تەبىئەتنى مەدھىيىلەيمەن،
ھاياتلىقنى كۈيلەيدۇ نەزمەم.
كۈيلەيمەن تېخىمۇ ئابىھاياتنى ـــ
ھاياتنى ياشارتقۇچ سۈتنى دەممۇدەم.
كاشكى،
تېنىمدىكى قان،
تامچىلىسا،
سىڭسە ئىدى ھەم،
گۈل باھارنىڭ يامغۇرى بولۇپ،
ئانا يەرنىڭ باغرىغا شۇ ئان.

1986 ـ يىل ئىيۇل، ئالتاي.

# مەرىپەت ئوپۇقىدا ياندى چولپان

كۆتۈشلەر ئىلكىدە ئۆتتى كۆپ زامان،
ئۆتتى ھەم زېمىننى يۇيۇپ سەل-توپان.
خەلق ئارزۇ ئەيلىگەچ قوللاپ پارتىيە،
مەرىپەت كۆكىدە چاقنىدى چولپان.

مەرىپەت كۆكىدە چاقنىدى چولپان،
زوقلىنىپ باقتىمەن ئاڭا سۆيۈنۈپ.
ئارزۇ بوستانلىرىم كەتتى چېچەكلەپ،
ئۇللۇق قۇت يامغۇرى باشقا تۆكۈلۈپ.

چاڭ باسقان چولپاننىڭ يۈز-كۆزىنى يۇيۇپ،
چاقناتقان دانالار سىزگە كۆپ رەھمەت.
پاراسەت، ئوي-پىكىر ۋە ئىشچان بىلەك
ھارمىسا، كۆرمىگەي ھېچ زىيان-زەخمەت.

چىن مېھنەت يولىدا ئاققان تامچە تەر،
مىڭ يىللىق بىمەنە چۇقاندىن ئەۋزەل.
ھەقلىق پەخىرىمىزدۇر يۇسۇپ كەبى ئەر،
يۇرۇڭلار! كەلگۈمىز بىھېساب گۈزەل.

1986-يىل 27-ئاۋغۇست، قەشقەر.

ناخشا ـ ئۇسسۇل يۇرتى، يىپەك يولى قايىندى،
ئاچتى قۇچاق مېھمانلارغا سەھرا ۋە شەھەر.

خۇش كېلىپسىز، تيەنئەنمېندىن نۇر ئېلىپ دوستلار،
جۇيىزىجۇنىڭ مەنزىرىسى، جىلۋىسىنى ھەم.
خۇش كېلىپسىز، چيەنتاڭجياگدىن شاۋقۇنلار باشلاپ.
ھىمالايا گۈلى ئېپار چاچتى دەممۇدەم.

گۈزەللىككە ئامراق مىللەت ياشايدۇ گۈزەل،
ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە ئەلگە قوشار شان.
مەردلەر يۈكسەك سەۋىيە ۋە خىسلەت ياراتسۇن،
نۇردەك بارسۇن خۇش خەۋەرلەر بېيجىڭغا شۇ ئان.

1986 ـ يىل ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى.

## شىخەنزە

ھەر كۆرسەم يەنىلا كۆرگۈم كېلىدۇ،
يۈرىكىم باغلانغان ساڭا شىخەنزە.
خوشلىشىپ كەتسەممۇ كەتمەس ئالدىمدىن،
سەندىكى يېشىللىق، رەڭدار مەنزىرە.

ئېسىمدە بۇ يەرلەر ئىدى چۆل - قاقاس،
ئېسىمدە قومۇشلۇق، يۇلغۇن ۋە قۇملۇق.
سەن مەردلەر يۇرۇشى، ئەمگەكلىرىدە
يارالغان، دۇنياغا قان - تەردىن تولۇق.

گۈل پۇرار ئەمدىكى شامالليرىڭدىن،
بۇلبۇللار بېغىشلار جانغا لەززەتنى.
سەن يېشىل بىر دېڭىز، چېكى كۆرۈنمەس،
قۇچىقىڭ ئەسلىتەر ماڭا جەننەتنى.

سەن ئىجاد ھېكمىتى، ئەجىر گۈلشىنى،
بىر ئىشەنچ كۆڭلۈمدە چاقنار دەممۇدەم.
چۆللۈكلەر يارىلىش يولۇڭدا شۇنداق،
گۈزەللىك دۇنياسىغا تاشلايدۇ قەدەم.

1986 - يىل ئۆكتەبىر.

# بۇ كىتاب

ئىنسانلار يارىلىپ قىلدۇ پىكىر،
پىكىرلەر ئانىسى تۇغار بىلىمنى.
سانسىز ئىزدىنىشلەر، سانسىز يېڭىلىش،
توغرىلاپ كەلمەكتە ئىنسان ئېڭىنى.

پىكىرلەر دېڭىزى تەكتىگە شۇڭغۇپ،
جاۋاھىر سۈزۈپتۇ شۇ يۈسۈپ بوۋام.
ئون ئەسىر بۇرۇنقى ئىنسان پىكرىنىڭ،
جەۋھىرى بۈگۈنمۇ قىلدى بىزنى رام.

ئون ئەسىر ئۆتكەندە ئوقۇپ سۆيۈندۈم،
دانالىق تەختىدە ئۇ ئىكەن سۇلتان.
پىكىر يوللىرىمنى يورۇتۇپ بارار،
تال-تال نۇرى بىلەن چاقنىغان چولپان.

ئون ئەسىر مۇقەددەم يېزىلغان كىتاب،
ئۆگەن دەيدۇ بىزگە قىلىپ چىن خىتاب.
مەرىپەت كۆكىدە قاقايلى قانات،
ھاۋامۇ سۈپسۈزۈك، يېقىملىق ئاپتاپ.

1986-يىل 12-ئاۋغۇست، قەشقەر.

ئېھ، ئانا تەڭرىتاغ، سۆيۈملۈك شىنجاڭ،
ئۇچتۇڭسەن غايەڭدىن ئېلىپ كۈچ-ئىلھام.
يايرىتار ئىسلاھات مېۋىسى دىلنى،
سائادەت ئىشكى ئېچىلدى داغدام.

1986-يىل 4-ئۆكتەبر، شىنخەنزە.

# جۇڭغارغا پۆتۆلدى قانات

——شمالىي شنجاڭ تۆمۈريولىدا شخەنزىگە پويىز قاتنىغانلىقنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن.

توپلاندى، يامرىدى ئادەم كەلكۈنى،
تۆمۈريول چېتىگە شۇنچە شاد-خۇرام.
ئانار رەڭ جىلۋىلىك مەگزىلىرىدىن،
ئاقاتتى بەختىيار ياش تارام-تارام.

تۆتىنچى ئۆكتەبر شادىيانە كۈن.
شخەنزە شەھىرىگە پويىز قاتنىغان.
جۇڭغارغا پۆتۆلدى قايرىلماس قانات،
تارىخىي بۇرۇلۇش بۇ — نۇر چاقنىغان.

شمالغا يول ئالغان تۇنجى پويىزدا،
ئولتۇردۇم كۆز سېلىپ دالىغا، تاغقا.
ئادەملەر سىزماقتا يېڭى خەرىتە،
ئايلىنار چۆل-زاۋۇت، ئېتىزغا، باغقا.

تۆمۈر ئات چاپىدۇ دالا-يايلاقتا،
شمالنىڭ ئەتىسى كۆرۈندى پارلاق.
باي شنجاڭ ئاچىدۇ يېڭى مەنزىرە،
يۈكسىلىش ئەپكەلگەن ھايات بەك قۇۋناق.

ئېھ، ئانا تەگرتاغ، سۆيۈملۈك شىنجاڭ،
ئۆچتۈگسەن غايەگدىن ئېلىپ كۈچ ـ ئىلھام.
يايرىتار ئىسلاھات مېۋىسى دىلنى،
سائادەت ئىشكى ئېچىلدى داغدام.

1986 ـ يىل 4 ـ ئۆكتەبر، شىنخەنزە.



# جۇڭغارغا پويىز قاتنىدى

— شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولىدا شىخەنزىگە پويىز قاتنىغانلىقىنى
تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن.

توپلاندى، يامرىدى ئادەم كەلكۈنى،
تۆمۈريول چېتىگە شۇنچە شاد - خۇرام.
ئانار رەڭ جىلۋىلىك مەڭزىلىرىدىن،
ئاقاتتى بەختىيار ياش تارام - تارام.

تۆتىنچى ئۆكتەبر شادىيانە كۈن.
شىخەنزە شەھرىگە پويىز قاتنىغان.
جۇڭغارغا پويىز قايرىلماس قانات،
تارىخىي بۇرۇلۇش بو — نۇر چاقنىغان.

شىمالغا يول ئالغان تۇنجى پويىزدا،
ئولتۇردۇم كۆز سېلىپ دالىغا، تاغقا.
ئادەملەر سىزماقتا يېڭى خەرىتە،
ئايلىنار چۆل - زاۋۇت، ئېتىزغا، باغقا.

تۆمۈر ئات چاپىدۇ دالا - يايلاقتا،
شىمالنىڭ ئەتىسى كۆرۈندى پارلاق.
باي شىنجاڭ ئاچىدۇ يېڭى مەنزىرە،
يۈكسىلىش ئەپكەلگەن ھايات بەك قۇۋناق.

ماڭسەن ئىزغىرىن شامالدا،
نەشتەردەك سوغۇقمۇ سەن بېرىپ بەرداش.
ئادىتىڭ ـــ رىكشا ھەيدەپ،
سەھەرنىڭ تۈنجى ناخشىسىنى توۋلاش.
يەتكۈزسەن مېھرى-مۇھەببەتنى،
كۈرمىڭ ئائىلىگە كۆيۈنۈپ،
كوچمۇكوچا، ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ.
ھەر مىللەت خەلقىگە بولۇپ قەلبداش.
بېرىسەن ئاغرىق مومايىنىڭ
سۈتىنى ۋاقتىدا ئاپىرىپ.
قويىسەن ئۆيىنى سۈپۈرۈپ،
تامىقىنى ئېتىپ، كىرىنى يۇيۇپ.
ئۆز ئاتاڭغا يېزىلغان سۈتىنمۇ
كېسەل بالىغا بەردىڭغۇ ئۆتۈنۈپ،
مۇھەببىتىڭ چوڭقۇر قايىنامغا ئوخشاش
سۆزلىرىڭدىن يايرايدۇ دىل سۆيۈنۈپ،
يۇلتۇزلار كۆچۈپ، نۇرلىرى ئۆچۈپ،
ئاي ئولتۇرۇپ،
چىقىپ قۇياش.
ئۆتتى، ئۆتكۈزدۈڭ شۇنداق،
يىگىرمە ئۈچ يىلنى بىر كۈندەك كۆرۈپ،
بەجانىدىل ئىشلىدىڭ ئەلگە كۆيۈنۈپ،
يازدىڭ ھەققىي غايە ناخشىسىنى،
قايىندى قەلبىمدە ھاياجان دولقۇن كۆتۈرۈپ،

# پارتىيىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى

— مۇنەۋۋەر سۈت توشۇغۇچى ئەن چىڭمىڭغا مەدھىيە.

سەھىپىلەر قۇرلىرىدىن،
ئۇچقۇر رادىئو دولقۇنلىرىدىن،
بىلدىم مەن نامۇشەرىپىڭنى،
ئەي چارچىماس يولداش.
شەھەر خەلقىنىڭ ماختاشلىرىدىن،
سۆھبەت يىغىنىدىكى ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنىڭ
گۈلدۈراس ئالقىشلىرىدىن،
ئاڭلىدىم تەرىپىڭنى،
تونۇدۇم سىنى،
كومپارتىيىمىزنىڭ ئاددىي ئەزاسى —
ئىشچان قېرىنداش.
سەندە بار پارلىغان غايە ئەبەت.
ئاجايىپ تەسىرلىك ئىش ئىزلىرىڭ،
سەندە بار ئالىيجاناب پەزىلەت.
يۈرىكىڭ قىپقىزىل مىسالى ئوتقاش،
خەلققە مېھرىڭ ئىللىق زەر قۇياش.
ياتقاندا ئادەملەر تاتلىق ئۇيقۇدا،

# ئىتتىپاقلىق گۈلدەستىسى

—— ئاپتونوم رايونلۇق 2 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىغا يېغىشلايمەن.

چىن دىلدىن كۈيلەيمەن، تەڭرىتاغ سېنى،
كۈيلىنەر ناخشامدا يايلاق ۋە بوستان،
كۈيلىنەر ناخشامدا ھۆر يېڭى شىنجاڭ،
تاغلىرى، دەرياسى ھەم خەلقى ئوبدان،
ئالتۇنغا ئوخشايدۇ ئون ئۈچ مىليون قەلب،
مېھرلىك ۋە ئىجىل مىسلى بىر تۇغقان.

ياسىدى ئىتتىپاقلىق گۈلدەستىسىنى،
ئون ئۈچ تال گۈل بولۇپ بۇ ئون ئۈچ مىللەت.
يازماقتا ئىناقلىق داستانلىرىنى،
ئۇلار ھەربىر سەپتە بولۇپ بىر نىيەت.
بۇ گۈللەر سولمايدۇ پورەكلەپ گۈزەل،
بەرگەچكە پارتىيە باھارنى ئەبەت.

بۇ يەردە ھەر مىللەت ئۇيۇشقان مەھكەم،
ئىناقلىق ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ياشنار.

ئەي، ئەن چىڭمىڭ يولداش،
قانداقمۇ تۇرالاي ماختىماي سىنى،
پارتىيىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى،
قەدىرلىك سەپداش.

1987-يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى.



# تارالسۇن شىنجاڭنىڭ نامى جاھانغا

— مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت ئەدىبلىرى ۋە ئەدەبىي تەرجىمانلىرىنىڭ قۇمۇلدىكى ئۇچرىشىشى مۇناسىۋىتى بىلەن.

قوغۇن ھىدى ئۇرۇلغان چاغدا دىماغقا،
جەم بولۇشتى ئەدىبلەر ھەر ياندىن كېلىپ.
يېڭى جىلۋە قوشۇلدى يىپەك يولغا،
قەلەمكەشلەر ئۇچراشتى قۇمۇلدا كۈلۈپ.

قۇتلۇقلايمەن شىنجاڭغا كەلگەن دوستلارنى،
ھەممە مىللەت ئىناق، شاد بىزنىڭ دەۋراندا.
ئەقىل، ئىجاد نۇرلىرىنى چاچسۇن بۇ يىغىن،
كەڭ تارالسۇن شىنجاڭنىڭ نامى جاھانغا.

1987-يىل ئىيۇل، ئۈرۈمچى.

مىللىي ئىستىپاقلىق ئۈلگىسى سىلەر —
ۋەكىللەر،
سىلەرگە خاس شان، ئىپتىخار.
ئاچايلى يېڭى بەت ئىستىپاقلىقتىن،
مەن تىلەك ناخشىسى قىلاي يادىكار.

1987-يىل 15-نويابىر، ئۈرۈمچى.

تونۇش ـ بىلىش ئەمەس ئىدۇقيۇ،
بىر سۆزلىشىپ بولۇشتۇق سىرداش.

تىللىرىمىز ئوخشاشمىسىمۇ،
دىللىرىمىز تۇتىشىپ كەتكەن.
بىزدە ئورتاق بىر ئارزۇمۇ بار،
دۆلەت تىنچ، خەلق باي بولسۇن دېگەن.

ئىككى ئەلنىڭ دوستلۇق رىشتىنى،
كۈچەيتمەكلىك پىكرىمىز بىردەك.
سودىمىزنى روناق تاپقۇزماق،
ئورتاق ئۈمىد، سەمىمىي ئىستەك.

ئورنىتايلى دوستلۇق كۆۋرۈكى،
ئىككى دۆلەت دوست ئۆتسۇن بەلەن.
دوستلۇقىمىز، ھەمكارلىقىمىز،
تەڭ ياشىسۇن يەر شارى بىلەن.

1986 ـ يىل 8 ـ دېكابىر، ساجا.

## رەڭدار گۈللەر

بۇ يەرنىڭ گۈللىرى،
دەرەخكە ئوخشاش.

# ئەرەب خەلىپىلىكىگە زىيارەت

## (چاتما)

### ئورنىتايلى دوستلۇق كۆۋرۈكى

— ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدىكى دوستلارغا بېغىشلايمەن.

كەلگىنىمدە دىيارىڭلارغا،
دولقۇنلاندى قەلبىم بولۇپ شاد.
ئوخشاش بىزدە يەر شارائىت ھەم،
ئوخشاش ئادەت، دىنىي ئېتىقاد.

ئۆز يۇرتۇمغا كەلگەندەك بولدۇم،
تونۇشتۇر گوياكى بۇندىكى ھايات.
تۇرسىمۇ ئايرىپ ئارىنى ھەتتا،
ئۇزۇن يوللار ۋە تاغلار قاتمۇقات.

كۆپ جەھەتلەر كېتەر ئوخشىشىپ،
بىر كۆرۈشۈپ بولدۇق قەدىناس.

## قۇملۇقتىمدىكى گۈلىستان

بۇ يەرنى كىم ئۇيلار ئەسلى قۇملۇق دەپ،
چۆپ ئۈنمەس چۆل دېسە ھېچكىم ئىشەنمەس.
ئادەمزات قەدىمى تېگىپ باقمىغان،
بارخانلار يېتىشقان بولۇپ ئېگىز-پەس.

بەزى تىنچ داۋالغۇپ، بەزەن ھۆركىرەپ،
دولقۇنلار ئۇيناتقان دېڭىز ھەيۋەتتە.
مىڭ يىللاپ ئۇيقۇغا چۆكۈپ ئۇخلىغان،
بۇ يەردە جىمىكى نەرسە غەپلەتتە.

يۈز بەردى 60-يىللار مەزگىلى،
يەر-كۆكنى تىترەتكەن كاتتا ئۆزگىرىش.
ئەرەبلەر يېرىدىن بۇلدۇقلاپ نېفىت،
چۈش كەبى ئۆزگەردى بارچە كۆرۈنۈش.

ئۆزگىچە نۇسخىدا پۈتتى بىنالار،
بولۇتقا باش تىرەپ دېڭىزغا ياندىش.
پاراخوتلار كىرىشتى قۇلتۇققا سانسىز،
تور يايدى ماي يوللار ساھىلغا تۇتاش.

ئازادە كوچىلار، قات-قات بىنالار،

ئۆسۈپ تۇز ھەم ئېگىز مىسالى شەمشاد،
ئۆگزىلەر ئۈستىگە قويار ئىكەن باش.

بۇ يەرنىڭ گۈللىرى،
ئوتتەك تاۋلىنار.
قىزىرىپ كۆزلەرنى قاماشتۇرۇپ ھەم،
ھاۋاغا تارقىتار خۇش پۇراق ئېپار.

بۇ يەرنىڭ گۈللىرى،
يوللارغا يانداش.
قىلىدۇ كىشىنى مەپتۇن ئۇ، چۈنكى
ھۆسنىگە رەڭدارلىق ۋە جىلۋە يولداش.

بۇ يەرنىڭ گۈللىرى،
خىلمۇخىل، سەر خىل،
ۋە ئىسسىق بەلباغنىڭ تۈسلىرى قويۇق،
مەستانە بولىدۇ كۆرگەن چاغدا دىل.

بۇ گۈللەر يەلپۈنۈپ مەيىن شامالدا،
تەۋرىنەر دېڭىزدەك ھەر تاڭدا لەرزان.
گۈل-چىمەن ھەمراھى چىمەنلىكلەردە،
سېھىرلىك مەنزىرە نامايان ھامان.

1986-يىل 14-دېكابىر، ئابۇدەبى.

## دوبەي سودا سارىيى

—شىنجاڭ مۇسۇلمانلار ئېكسپورت تاۋارلىرى كۆرگەزمىسىگە مەدھىيە.

دوبەينىڭ خەلقئارا سودا سارىيى،
ئاپئاق چوڭ ئىمارەت كۆككە بوي سوزغان.
لەپىلدەر لالە رەڭ بەشىيۇلتۇزلۇق تۇغ،
بىرىنچى ئىشىكنىڭ ئۈستىدە لەرزان.

ياڭرىدى بۇ دۆلەت ئوركېستىرى شوخ،
شوتلاندىيە نەيلىرى قىلدى خوش ناۋا.
باشلاندى شىنجاڭنىڭ كۆرگەزمىسىمۇ،
مېھمانلار ئۆزۈلمەس بىر ئېقىن گويا.

ئۇيىنتار يېقىملىق سازلار يۈرەكنى،
لالە رەڭ گىلەمدە زەپ يېنىك قەدەم.
قىزىقتى سودىگەر، ئەربابلارمۇ ھەم،
تاۋارلار چاقناتقاچ كۆزنى دەممۇدەم.

گىلەملەر چوغ سۈپەت، رەڭگارەڭ، گۈلدار،
دۇخاۋا جىلۋىدار، تاۋار جىلۋىدار.

ئادەملەر توپى چوڭ ئېقىندۇر ئاققان.
بولۇپمۇ دېڭىزنىڭ قولتۇقى پايتەخت،
شەھەرلەر مىسالى گۈزەل گۈلىستان.

ياپراقلار شىلدىرلاپ ناخشا پىچىرلار،
مەجنۇنتال ئۈينايدۇ ئۇسسۇل تولغىنىپ.
چاتقاللار، گۈلشەنلەر چاقنىتار كەشتە،
ياپيېشىل پالمازار قارار زوقلىنىپ.

جىلۋىلىك تۈس بىلەن تولغان بارچە جاي،
سايىزار گۈلباغلار بېرىدۇ راھەت.
ئۈيلىماس چەت جايدىن ئەپكەلگەندۇ دەپ،
ھېچ كىشى بۇ يەرگە تۇپراقنى پەقەت.

ئۈيلىماس دەرەخنى، گۈلنى، چىمەننى،
بۇ يەردە تەبىئي ئۆسمىگەندۇر، دەپ.
نېفىتكە تېگىشكەن ئاقچا كۆچىدىن،
قۇرۇلغان بارچىسى، ياشنىغان گۈللەپ.

ئادەملەر تەبىئەت ئۈستىدىن غالىب،
بۇ يەكۈن گۈلىستان ھۆسنىدە ئايان.
ئاجايىپ گۈزەللىك باركەن بۇ يەردە،
مەست قىلار كىشىنى قارىغان ھامان.

1986 ـ يىل 14 ـ دېكابىر، ئابۇدەبى.

كۆرگەندە سۇرەتلىك خەۋەرلەرنى مەن،
جۇش ئۇردى قەلبىمدە قايناق بىر دېڭىز.

قويۇلغان چېغىدا جۇڭگو ئويۇنى،
چۆمۈلدۈم غۇرۇرنىڭ نۇرىغا يايراپ.
ماختالغان چېغىدا جۇڭگو سەنئىتى،
ئىپتىخار ھېس قىلدىم ھاياجان قايناپ.
جۇڭگولۇق بولغانغا پەخىرلەندىممەن
ئىرادەم ھەر جايدا يانىدۇ چاقناپ.

1986 - يىل 3 - دېكابر، ئابۇدەبى.

## ھەممىمىز ئىناق قېرىنداشلار

دېيىشتى بۇندىكى بەزى ئەرەبلەر:
"ئىلگىرى جۇڭگونى بىلەتتۇق پەقەت.
جۇڭگودا شىنجاڭنىڭ بارلىقىنىمۇ،
بىلدۇق بىز كەلگەندە سىلەر بۇ نۆۋەت."

چۈشىنىش مۇھىمكى، چۈشىنىشكەندە،
ناتونۇش ئادەملەر بولىدۇ سىرداش.
يات يەرمۇ ئۆز يۇرتتەك كۆرۈنەر ئىسسىق،
ھاياتتا زۆرۈردۇر ئۆزئارا قوللاش.

ئارزۇلۇق، ئەتىۋار يەرلىك مەھسۇلات،
مودىلىق كىيىملەر، بۇيۇملار داڭدار.

شۆھرەتلىك شىنجاڭنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇلى،
قوزغىدى مەيداندا ئالقىش ـ ھاياجان.
چاۋاكلار گۈلدۈرلەپ گۈلدۈرمامىدەك،
ئاپىرىن ئالقىشى ياڭرىدى ھامان.

كۆرۈشتۇق، سۆزلەشتۇق، كۈلۈشتۇق بىللە،
خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈشتۇق بىللە.
دوستلۇق ئۇرۇقى چاچتى كۆرگەزمە،
ئىناقلىق پەيزىنى سۈرۈشتۇق بىللە.

1986 ـ يىل دېكابىر، دوبەي.

## جۇڭگولۇق بولغانغا پەخىرلىنىمەن

«ۋاقىت گېزىتى»نىڭ بىرىنچى بېتى،
چىقتى "شەرق ئۇسسۇلى" دېگەن نام بىلەن.
داختاشتى شىنجاڭنىڭ ئۇيۇننى دەپ:
"ئۇسسۇلى بەك نەپىس، كۈيى بەك بەلەن."

بېسىلدى ئويۇندىن تارتىلغان سۈرەت،
يېزىلىپ تەسىرلىك ماقالە ـ تەقرىز.

شەھەر چوڭ قىرغاققا جايلاشقان،
ئىككى قاش ئىمارەت قاتىرى.
كوچىلار دېڭىزنى بويلايدۇ،
دېڭىزغا ئۇلانغان بازىرى.

چىرماشقان قاتناشنىڭ تورلىرى،
كېلىدۇ پاراخوتى جاھاننىڭ.
ئاۋات بىر مەنزىرە يۈز ئاچقان،
زوقىنى ئۆيىنىتىپ ھەر جاننىڭ.

ئەي ئەگرى دېڭىز ھۆر ئۇچۇق پورت،
تەلپۈنەر قوينۇڭغا كەڭ دۇنيا.
چەت ئەللىك مېھماننى چىللايسەن،
مېھرىڭگە قىلىپ سەن مەھلىيا.

1986 - يىل 10 - دېكابر، دوبەي.

## دېڭىز ۋە قۇملۇق

بېلىگە باغلىدى رەڭمۇرەڭ بەلباغ،
بۇ قۇمساز ساھىللار ياتقان بىپايان.
قۇملۇقنى ئۇيقۇدىن ئويغاتتى شاۋقۇن،
چۆللۈكنىڭ چىرايى ئۆزگەردى شۇ ئان.

ھەممىمىز ئىناق قان ـ قېرىنداشلارمىز،
قىلايلى بىز بېرىش ـ كېلىشنى سىجىل.
دوستلار كۆپ ئۇچراشسا سۆيگۈ چوڭقۇرلار،
تۇغقانلار ئىزدەشسە بولۇشار ئىجىل.

سىزلەردە بار چەكسىز نېفىت بايلىقى،
بىزدە بار سەرخىل مال، قازانغان ئاتاق.
ئۆزئارا قىلىشساق خېرىدارلىق بىز،
بولىدۇ سودىنىڭ ئىقبالى پارلاق.

1986 ـ يىل 11 ـ دېكابر، دوبەي.

## ئەگرى دېڭىز

مەن كۆرگەن دېڭىزلار بىپايان،
ياتاتتى تەپتەكشى پارقىراپ.
شەھەردىن، سەھرادىن ئۇزاقتا،
دولقۇنلاپ، بەزىدە شارقىراپ.

بۇ يەرنىڭ دېڭىزى ئەگرىكەن،
تاشقىنمۇ كەلمەيدۇ تۇرۇلۇپ.
خىۋاگىخېيدەك، چاڭجياڭدەك ئاقىدۇ،
ھەر دەمدە تولغىنىپ، بۇرۇلۇپ.

# باھار

## (نورۇز ئىلھامى)

باش باھار كەتتى ئۆتۈپ، نورۇزغا نۆۋەتتۇر بۇ دەم،
يامرىغان ئەگىز كەبى قۇرلارغا سۆز تۆكتى قەلەم.
يامرىغان ئەگىز كەبى ئىلھاملىرىم ئۆتسە سۆيۈپ،
تۇنجى كۆكتاتلارغا تولسۇن قىر، ئېتىزلار ھەم بىنەم.
بۇ نورۇز تىنچ ۋە ئىناقلىق كەيپىگە چاچسۇن شاراب،
ئەل بېيىپ تاپسۇن روناق، يۇرت بولسۇنۇ سولماس چىمەن.
سەگىتىپ ئۆتكەن چۈشەكتە ياتقاننى نورۇز شاملى،
تۇنجى كۆكتاتتەك قىمىرلاپ، ئاپتاپقا ياندىشسۇن تىمەن.
گۈل-چېچەكلىك، ناز-كەرەشمە ياز كېلەر خۇش خۇي كۈلۈپ،
كۆڭلىمىزنى ياز قىلايلى، نورۇزدا ئىچكەن مەي بىلەن.

1987-يىل 3-مارت، ئۈرۈمچى.

دېڭىزنىڭ بويىدا كۆز ئاچتى پايتەخت،
ئادەملەر كەلكۈنى قولتۇقتا ئاقار.
رەستىلەر قۇرۇلدى ئازادە، رەت-رەت،
چوڭ-كىچىك داچىلار قەد كەردى، قاتار.

دېڭىزدا بولغاندەك خىلمۇخىل بېلىق،
قۇملۇقتا بولىدۇ بايلىق، خەزىنە، كان.
فونتاندەك ئېتىلىپ چىقتى قاراماي،
جەننەتكە ئايلاندى قاقاس باياۋان.

ئاپتۇ بۇ نېفىتنى مەنبە قىلغان ئەل،
چۆل بىلەن دېڭىزنىڭ ئارىسىدىن جاي.
ياشناتتى ئەرەبنىڭ يەر، ھە، دىلىنى،
زەمزەمدەك خىسلەتكە ئىگە قاراماي.

1986 - يىل 13 - دېكابىر، ئابۇدەبى.

مېھرىبان چىرايىغا قارىغىنىمدا،
ئۆرلەيتتى دولقۇنلار قەلبىمدە ئويناق.
قىلالمىسامۇ گېپىمنى ئىزھار،
ئويلايتتىم كۆڭلۈمدە ئۇزاققا قەدەر؛
خاتىرجەم بولغىن مەن سىرتتا يۈرگەندە
ھەممىگە تاقابىل تۇرىمەن ئەپلەپ.
بۈگۈنلىق ئوتۇنلار بېسىپ ھارۋامغا
قايتىمەن تىنچ-ئامان ئۆيگە ئانا، دەپ.
نەۋقىران پەسلىمدە، ياش مەزگىلىمدە،
يورۇتتى
پارتىيە نۇرى يۇرتۇمنى.
كادىر بولۇپ ئاشۇ كۈنلەردە،
يۈك-تاقىمنى يۈدۈپ ئۆشنەمگە
قاتناشقىنىمدا
يەر ئىسلاھات قوشۇنىغا،
يول ئاغزىغىچە ئۇزاتقان ئانام:
"بۈگۈن بىز كۆتۈرگەن چېغىمىزدا قەد
ئەسلىمىزنى بولماس ئۇنتۇشقا پەقەت.
ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلا،
ئۇلار بىز يوقسۇللىنىڭ نىجاتكارى!" دەپ.
ئۈنچىقماي شۇ گەپنى ئەستە چىڭ تۇتتۇم
كۆڭلۈم توق تېخىمۇ چىڭىپ ئىرادەم.
قاتنىشىپ ئىنقىلاب قوشۇنىغا مەن
باشلىدىم يېپيېڭى ھايات يولۇمنى.

# ئوكيانلارنىڭ ئۇ چېتىگە سەپەر

(چاتما)

## ھىجران

باشلىدىم مەن سەپەر يىراق-يىراققا،
ۋەتىنىم ئايرىلىپ سېنىڭدىن شۇ تاپ.
ئىزھارلاپ بولغۇسىز ئىشق-مۇھەببەت
يالقۇنلۇق كۆكسۈمدە قاينار دولقۇنلاپ.
ھەر قېتىم يۇرتۇمدا بالا چېغىمدا،
كالا ھارۋىسىنى قېتىپ تاڭ سەھەر،
جاڭگالغا ئوتۇنغا ماڭماقچى بولسام،
بېلىمگە تۈگۈپ بىر زاغرىنى ئەگەر؛
يول ئاغزىغىچە ئۇزۇتۇپ ئانام،
دەيتتى جېكىلەپ: پەخەس بول بالام.
قۇملۇق بوراندىن، يىرتقۇچ ھايۋاندىن،
پۈت-قولۇڭنى چېپىشتىن ئەيلىگىن ھەزەر.
ئانام ماڭا
ئەستايىدىل ئىدى شۇنداق،
سۆزلىرى ئاددىي، سەممىي، قايناق.
يۈرىكى ئاجايىپ كۆيۈمچان يۇمشاق.

ئەلىمدىن كەلتۈرۈپ جەزمەن شان ـ شەرەپ.
شۇ بولۇ جاۋابىم ساڭا ۋەتىنىم،
قايىنايدۇ قەلبىمدە ساڭا مۇھەببەت.

1987 ـ يىل 3 ـ ئاۋغۇست، بېيجىڭ ـ توكيو يولىدا.

## خۇش چىراي

ـــ توكيودىن مىكسىكىغا قاتنايدىغان ياپونىيە ئاۋىئاتسىيە مۇلازىمەتچىسىگە تەقدىم.

سىلىق ئۈكەن مېڭىشىڭىز،
شۇنچە چاپسان ھەمدە يېنىك بەك.
مىسالى ئۇچقان كېپىنەكتەك،
ۋە ياكى پەرۋازدىكى قارلىغاچتەك.
ھامان ئالدىراشسىز، تىنىم تاپمايسىز،
ئاڭلىنىپلا تۇرار تۇگىمەس كۈيدەك،
"لەببەي" دېگەن ئاۋازىڭىز.
كۆرسىتىسىز تەبەسسۇملۇق چىراي،
ھەربىر يولۇچىدىن ھارماي
سورايسىز: كېرەكمۇ دەپ
شىرنە، قەھۋە ياكى چاي...؟
مېھمانلارغا سىز
ئېگىلىسىز،

پارتىيە ئەۋەتمەكتە بۈگۈنكى كۈندە
چەت ئەلنى زىيارەت قىلىشقا مېنى.
يېڭى مۇساپىغا تاشلىدىم قەدەم.
ۋەتىنىم ئايرىلىپ سەندىن
باشلىدىم يىراققا سەپەر، مەن شۇ دەم.
يۈرىكىم
ھەم خۇشال، ھەم تىنچىيالماس.
بالا ئانىسىنىڭ ئىسسىق قوينىدىن
ئايرىلىشنى ئەسلا خالىماس،
ئانا ـ بالىنىڭ رىشتى مۇستەھكەم.
ئايرودرومدا ماتور گۈرۈلدىگەندە،
كۈتۈش بۆلۈمىدە كىشىلەر قىستىلىشقاندا.
تۇغقانلار بىلەن خەيرلىشىپ،
كۆز ياش تۆكۈشۈپ، كۈلۈمسىرىشىپ،
زالدا قول ئېلىشىپ، ئايرىلىشقاندا.
ئاھ، مېنىڭ يۈرىكىمنى قاپلىدى بىر خىل
قىيالماسلىق قايغۇسى قەۋەت.
ۋەتىنىم سېنىڭدىن ئايرىلماقتىمەن
قاراپ ئالايچۇ ساڭا يەنە بىر نۆۋەت.
يۈرىكىمنى قالدۇرۇپ كېتىشنى مەندىن
قىلماقتا سۆيۈملۈك رۇخسارىڭ تەلەپ.
كۆڭلۈمنىڭ گېپىنى ئېيتايچۇ ساڭا:
سۆيىمەن ۋەتىنىم سېنى مەن ئەبەت.
قايتىمەن ئورۇنداپ ۋەزىپەمنى تېز،

ھەربىر مىللەتتە بار
غۇرۇر ـ ئىززەت.
ئاھ، ئارگېنتىنا،
مەن يىراق شەرقتىن،
تىنچ ئوكياننىڭ نېرىقى ساھىلدىن
كەلدىم قۇچىقىڭغا شۇ سائەت.
چېھرىڭنى كۆردۈم،
مېھرىڭنىڭ تەمىدىن تېتىدىم لەززەت.
ئاھ، ئارگېنتىنا،
سەن ئۇلۇغ دۆلەت،
تۆت پەسلى گۈلباھار گۈلىستان ئەبەت.
سەندىكى ھاۋا ساپ،
غۇنچىلار رەڭدار،
جىلۋە قىلار قەدىمىي مەدەنىيەت.
بىنالىرىڭدا ئايان شانۇشەۋكەت.
سېنىڭ ھەيۋەتلىك خاتىرە مۇنارىڭ بار،
كوچىلىرىڭ گۈلباغ،
بازارلار ئاۋات.
تومۇرلىرىڭدا ئۇرغۇپ ئاققان قانلىرىڭدا
ئىندىئانلارنىڭ قارام باتۇرلۇقى بار.
لاپلاتا دەرياسى[1] شارقىرار،
شاۋقۇنلىرىدا خاتىرىلىنەر

[1] لاپلاتا دەرياسى ــ ئارگېنتىنانىڭ داڭلىق دەرياسى.

باش لىڭشتىسىز،
ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن شەكسىز،
مۇئامىلىڭىز مۇلايىم، ئىللىق،
كۆيۈنۈشىڭىز ئەترابلىق، يېقىملىق،
شادلاندۇرار كىشىنى چەكسىز.
گەرچە ئوخشاشمىسىمۇ تىلىمىز،
چۈشەنمىسەكمۇ سۆزىڭىزنى بىز،
لېكىن مەن سىزنىڭ سۆزلىشىڭىزدىن،
ھېسسىيات، ئىپادە، ھەرىكىتىڭىزدىن،
"لەببەي" دېگەندىكى ئاھاڭىڭىزدىن
كۆرۈپ ئالدىم تېز
يورۇق، سۈزۈك ئىكەن كۆڭلىڭىز.
ھاۋادىكى پەرىشتە گويا سىز،
سەپەر يولىدىكى
چاقنىغان يۇلتۇز،
قالدۇردىڭىز دىلدا ئۆچمەس ئىز.

1987 ـ يىل 4 ـ ئاۋغۇست، ئەتىگەن توكيودىن
كانادانىڭ كۇۋانكۇۋېر شەھىرىگە بېرىش يولىدا.

## قەدىمىي دۆلەتسەن ئارگېنتىنا

ھەربىر دۆلەتتە بار
ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەت.

ئۆز بولۇشۇپ كەتتۇق يۈز كۆرۈشۈپلا،
ئىجىل بولۇشتۇق قەدىناس دوستلاردەك.
ئاھ، ئارگېنتىنا،
سەن بىلەن ئالدىراشلا تونۇشتۇق،
ئالدىراشلا ئايرىلىشتۇق،
يەڭگىللا قول پۇلاڭلىتىشتۇق.
ئېلىپ كەتكىنىمىز
دىللارغا سىڭگەن
بۇندىكى تەبەسسۇملۇق چىرايلار بولدى،
قالدۇرغىنىمىز سېغىنىشلىق مۇھەببەت.

1987 - يىل 12 - ئاۋغۇست، بوينىس ئايرىس.

## ئات ئويۇنى

ئاتلار سېپى بەھەيۋەت،
چەۋەندازلار مەردانە - جەسۇر.
كەرگەن كۆكرەك، كۆتۈرۈشۈپ باش،
كىيگەن ساۋۇت، دوبۇلغا مەغرۇر.
بۇيرۇق چۈشسىلا،
ئۇچقۇر ئاتلار،
ئاقار يۇلتۇزدەك، چاقماقتەك ئۇچار،
جەڭگاھتىكى قىر - چاپقا ئوخشاش.
قولىدا ئۇزۇن نەيزە ئۇينىتىپ ھەيۋەت،

قانچىلىغان ئازاب ـ ئاپەت.
سان مارتىن ھەيكىلىدە ئايان①.
مىللىي روھنىڭ نەمۇنىسى،
ئۇلگىسى ۋە جاسارەت.
ئاھ، ئارگېنتىنا،
كوكۇس دەرىخىڭ مەزمۇت يۈكسەك.
ئوخشايدۇ يۇرتۇمدىكى
بۇلۇت سۆيگەن سۇۋادانغا قەۋەت.
خەنجەر ياپراقلىق كەندىرلەر،
مىسالى غىلاپتىن سۇغۇرۇلغان شەمشەر ھەيۋەت.
كەڭ پاكىز ماي مەيدانى،
مەيدان چۆرىسىدىكى مودىلىق كۆپ ئىمارەت،
ئېلىپ كىرىدۇ ئادەملەرنى
زامانئۋىلاشقان ئەتىگە يېتەكلەپ —
قىلىپ دالالەت.
ئاھ، ئارگېنتىنا،
گۈزەل، مەدەنىي گۈلىستان.
گەرچە بىر ـ بىرىمىزدىن
تۇرۇۋاتساقمۇ يىراقتا بەك،
ئۆتمۈشتە يۈز كۆرۈشمىسەكمۇ،
تونۇشمىساقمۇ پەقەت.

---

① سان مارتىن — ئارگېنتىنانىڭ مىللىي قەھرىمانى. ئارگېنتىنانىڭ مىللىي ئازادلىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان.

سالماق چامدىغان كالا سىزىلغان.
بۇ يەردە كالىنىڭ فوتو سۈرىتى
ئىشخانا تېمىغا كەڭرى ئېسىلغان.
تەتقىق قىلىنار يېرىلىپ كالا
تەتقىقات بۆلۈمى ئىچىدە ھامان.
گۆشلەرگە ئىش قوشۇش زاۋۇتلىرىدا،
گۆش كالا قىلىنار ئاساسلىق نىشان.
نەسىللىك كالىلار كۆرستىلىدۇ
كۆرگەزمە ئېچىلسا ھەر چاغ، ھەرقاچان.
بۇ يەردە زىياپەت، ئولتۇرۇشلاردا
كالىلار بولىدۇ مەركىزىي تېما.
ئويۇندا، تاماقتا، سۆز مەزمۇنىدا،
بەيگىدە بولىدۇ كالىلار ھەتتا.
بۇندىكى ئادەملەر ئەزەلدىن شۇنداق
كالا بېقىشقا ھېرىسمەن، ئۇستا.
كالا بۇ يەرنىڭ بايلىقى-ۋەسلى
ھەمدە ئۇستۇنلۇكى گويا.
كالا بۇ يەرنىڭ غۇرۇرى ئەسلى.
ئارگېنتىنا سەن كالا ئالىمى.
كالىلار يۇرتى، كالا دالاسى.
كالىلار خەزىنىسى،
كالا دۇنياسى.

1987 - يىل 10 ئاۋغۇست، بوينىس ئايرس.

قىلىچىنى قىنىغىر ئېسىپ ئەزىمەت،
بىردەم ئات ئۈستىدە تىك تۇرار،
قەد كېرىپ قارىغايدەك قەيسەر.
بىردەم ئات قورسىقىغا چۈشەر،
كۆرسىتىپ جۇرئەت.
چامباشچى پالۋانلاردەك چىڭەر.
ئېگىز توسالغۇلاردىن
لەپپىدە ئۇچۇپ ئۆتەر،
يامغۇر تامچىسىدەك يېنىك چۈشەر.
ئاھ، .خەتەرلىك ھەرىكەت،
پىششىق قەدەملەر،
يۇرەكنى لەرزىگە سالىدىغان ئويۇن كۆرسىتىش
كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان
ھەرىكەتلىك سۈرەت.

1987 ـ يىل 7 ـ ئاۋغۇست، بوينس ئايرس.

## كالا ئالىمى

يامرىشىپ، سىغىشماي ئوتلار كاللار،
بۇ يەرنىڭ كەڭ ئېتىز ـ داللىرىغا.
مىس كالا ھەيكىلى ئورنىتىلغان ھەم
بۇ يەرنىڭ رەستىسى ـ كوچىلىرىغا.
بۇ يەرنىڭ ماي بوياق رەسىملىرىدە

قۇشلارنىڭ ناۋاسى يوقالغاچقىمۇ،
قارىسا غېرىبتەك كۆرۈنىسەن زەپ
قارىسا بىتاقەت شۇنچىلا ئۆزۈڭ.

بىھېساب ئەسىرلەر ئۆزگىرىشلىرى
قوڭۇر خادا تاشلارغا بولغان مۇجەسسەم.
قەد كېرىپ مەغرۇر قارايدۇ ئۇلار
دېڭىزنىڭ دولقۇنى، بورانلارغا غەم.
قۇشلارچۇ؟
غايىب بولغىلى نەكەم.
تەبىئىي چۈمۈلۈش جايى ئىكەن بۇ،
ئاخىرى ئادەملەر قېلىشقان تۇيۇپ،
دېگەن: بۇ ھۇزۇردىن قۇشلارلا يالغۇز
بەھرىمەن بولۇشقا بولماس يول قويۇپ.

شەھەرگە ئاشۇنداق ئايلانغان ئارال،
ماتورلۇق كېمىلەر كەلگەن توپلىشىپ.
كۆچۈشۈپ كېلىشكەن ساياھەتچىلەر،
بۇ گۈزەل مەنزىرىگە مەپتۇن بولۇشۇپ.

قۇشلار ئۇچۇشۇپ كەتكىلى قاچان،
بىلمىدۇق،
ماڭدىمۇ ئىنساندىن ئۈركۈپ،

# تۈركىيە ئۇلھاملىرى

## (چاتما)

## قۇش ئارىلى

قۇش ئارىلى ئىزمىرنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. بۇ ئارال قاغىلارنىڭ كۆپلۈكى بىلەن داڭلىق. بۇ يەردە بىر قەدىمىي قورغان بار. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى قەدىمكى زاماندا دېڭىز قاراقچىلىرى سالغانمىش.

ياتار قۇش ئارىلى قولتۇقى ھامان،
ئېگىلگەن ياي كەبى كېرىلىپ يوغان.
كۆك دېڭىز، كۆك ئاسمان كەتكەن ئۇلىشىپ،
قارىساڭ كەڭ ئىگەي دېڭىزى سايان.
مەزىسىز قولتۇقتا
چوقچىيىپ چىققان.
بىر ئارال تۇرىدۇ يېگانە-غېرىب.
مىسالى، چارچىغان غايەت چوڭ بىر قۇش
ئانىسى قوينىدا ياتار دەم ئېلىپ.
ئەي ئارال، تاغ سېنىڭ مىسلى دەرپەردەڭ،
دېڭىزلار قۇچىقىڭ گويا ئاچقان كەڭ.

تەلمۈرەتتىم زۇمرەت سۇلار تامان.
بولاتتىم يېشىل ئېتىزنى كۆرگەندەك
بىرەر سۇزۇك كۆلنى كۆرگەنلا ھامان.
يۇرتۇم مېنىڭ
چېتىدە تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ.
رەھىمسىز بورانلار، سارغۇچ قۇملار
ئاتىلار ئارزۇلىرىنى ئەيلىدى ۋەيران.
ئەقىل يېشىغا كىرگەندىن باشلاپ
كۆرگەنلىرىم
ئاتامنىڭ يېرىلغان يۈز، يىرىك قوللىرى.
قۇملۇق بوران
ئۇلارنى شۇنداق تاۋلىغان،
ئۇيىمچىلىق پىچىقىدا
ئويۇپ شۇنداق ياسىغان.
ئۇنىڭدا ئىزلىرى بار
ئاتىلارنىڭ قۇملۇق بوران بىلەن ئېلىشقان.
شاھىدى ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ
تەبىئەتنى يەڭگەنلىكىنىڭ.
ئەمدى
سۇزۇك سۇلار قويۇلدى ئېكىنزارلارغا.
قۇملۇقلار بولدى كۆكلەمەيدان.
كۆز يەتكۈسىز ئېتىز ـ داللار
بېھىشتەك جىلۋىدە قىلماقتا جەۋلان.
يەنە قارىغىنىمدا چەكسىز قۇملۇققا،

يا ئىزدەپ يەنە بىر بېھىشتەك ماكان؟
قۇشلاردىن ئايرىلىپ قالغان ئارالدا
قالغىنى پەقەت بىر قەدىمىي قورغان،
قاراقچىلار ئوتتۇرا ئەسىردە سالغان
ۋە ئايىغى ئۈزۈلمەس سەيلىچىلەرنىڭ
كۈلكە ناۋاسى خۇشال ياڭرىغان.

## قۇملۇق ۋە دېڭىز

يۇرتۇم مېنىڭ
چېتىدە تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ.
ئۇ يەردە بورانلار، قۇم دولقۇنلىرى
يېشىل ھاياتنى يالماپ يەم ئەتكەن.
ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قېلىپ كەلگىنى
قۇملاردا پارقىراپ ئۇپرىغان كەتمەن.

قاغجىراپ كەتكەن كەڭ مۇنبەت تۇپراق،
تىك ئۆسەر دەرەخلەر مايماق بولۇشقان.
ئاتىلار قەلبىنى ئېچىشتۇرۇپ بەك
زىرائەتلەر قۇرۇغان، سارغايغان.
قۇملاردا سۇ مەنبەلىرىنى كۆمۈپ،
يالمىغاندۇ قانچە ئېتىز-بوستاننى
ئاشۇ چېكى يوق قۇملۇق-باياۋان!
ئۆگەنگىنىمدە مېڭىشنى تەمتىلەپ،

ياۋروپا قىزلىرىنىڭ كۆك كۆزلىرىسمان،
كۆپكۆك، كۆپكۆك دېڭىز سۇلىرى
قىلدى ماڭا ئىنئام،
دولقۇنلۇق، تۈگىمەس
شېئىرىي ھېسسىيات ـ ھەۋەس.
ئاھ، بىپايان دېڭىز ـ ئوكيان،
كۆپكۆك ۋە يېشىل دېڭىز ـ ئوكيان.
مەدھىيىلەشكە سېنى چوڭقۇر مۇھەببەتتە
چىرايلىق سۆز تاپالمىدىم، بەس.
مەن پەقەت،
كۆڭۈل ـ كۆكسۈمنىڭ
چەكسىز بولۇشىنى سېنىڭدەك،
قەلبىمنىڭ
پاك بولۇشىنى سېنىڭدەك
قىلىمەن ئارمان.
مەن يەنە
بىر قىسمىڭنى سېنىڭ
ھېلىمۇ قۇرغاق تۇرۇۋاتقان
يۇرتۇمغا راۋان
باشلاپ كېتىشنى قىلىمەن ئارمان،
بولسۇن دەپ
قۇرغاق، سارغۇچ قۇملۇقلار
يېشىل ئېتىز، يېشىل بوستان.

ئاچچىقمۇ، تاتلىقمۇ بىلەلمىدىم ھېچ
كۆڭلۈمدىكى تۇيغۇنى شۇ ئان.
بارغانمەن دۇنيادا تالاي ماكانغا،
يېشىللىق ماڭا تونۇش ۋە ئىللىق ھامان.
لېكىن يەنىلا ياتار ئىگىلەپ
قەلبىمنىڭ كۆپ قىسمىنى قۇملۇق - باياۋان.

## دېڭىز - ئوكيان

ئادەتلەنگىنىمدە
قۇملۇقلارنىڭ چەكسىزلىكىگە.
پايانسىزلىقى بىلەن دېڭىز - ئوكيان
قىلدى مېنى ھەيرانۇھەس.
كەڭ كەتكەن تېگى يوق، چېكى يوق سۇ
چايقىلار لەرزان
تۇتىشىپ كۆك بىلەن پەۋەس.
بېغىشلاپ ئادەملەرگە
تەسەۋۋۇر، خىيالنى شۇنچە تۈگىمەس.
يوغان ۋە كېلەڭسىز كېمە - پاراخوتلار
دېڭىز ئالىمىدە
كۆرۈنەر قومچاقتەك كىچىك، ئەرزىمەس.
كۆكۈش، زەڭگەر، كۆپكۆك،
زۇمرەتتەك،
يېشىل تاشتەك،

ئارزۇنى ئىزھارلاپ دىلدا،
تۇرۇشار سۈكۈتتە،
مۇقەددەس —
مەريەمنىڭ ھەيكىلى ئالدىدا.
بىلمىدىم، ئۇلار ئۆز ئەقلىدە
ئويلىدى نىمىلەر ھەققىدە.
چىرايى تەقۋادار ئاجايىپ،
تۇرۇشار سۈكۈتتە جىممىدە.
شۇنچە پاك ئوخشىماس ئادەمگە
ياشىغان بۇ دۇنيا ئىچىدە.

چىققاندا مەريەم بۇۋىنىڭ
شۇ قەدىم جايىدىن ئايرىلىپ،
قىرىلار قەدىمى ئاستىلار،
ياشلارنىڭ سۆھبىتى جانلىنىپ.
قانغۇچە ئوينىشار باللار،
بىلگىلى بولمايدۇ ئۇلاردىن
ئارزۇغا يەتتىكى قايسىلار؟
قاپتالدا بىر بۇلاق بار ئىكەن،
”مۇقەددەس سۇ“ دەپ نام چىقارغان.
بەس ـ بەستە ئىچىشەر ئادەملەر،
يۇر يۇيار، قول يۇيار، شادىمان.
بەزىلەر سوغىغا ئۇسسۇشار،
ئىچىدۇ ئۆيلەردە دوست ـ ياران.

# "بۇلبۇل تېغى"

بۇۋى مەريەم ئانىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا تۇرغان جايى "بۇلبۇل تېغى"نىڭ ئۈستىدە بولۇپ، تاغ باغرىدا بىر بۇلاق بار، رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇۋى مەريەم ئۇنىڭ سۈيىنى ئىچكەنلىكتىن ئۇ "مۇقەددەس سۇ" دەپ ئاتالغانمىش.

مىسالى گىرىك چۆچەكلىرىدەك
بۇ ئىسىم يېقىملىق زەپ ئەجەب،
بۇ يەردە دەرەخلەر باراقسان
ۋە گۈللەر ئېچىلغان پورەكلەپ.
ساپ ھاۋادىن ياشىرار يۈرەك،
رەڭلەر خىلمۇخىل چاقنىغان.
قەدىم جايى بۇ مەريەم ئانىنىڭ
ئاشۇ تاغ ئۈستىگە ئورناشقان.
ئېقىنغا ئوخشايدۇ سەيياھلار،
كونكىلار يەلكەننى ئەسلىتەر.
ئىرقى ئوخشىماس ئادەملەر
خىلمۇخىل تىل بىلەن سۆزلىشەر.
دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايىدىن
كېلىشىپ بىر ئۇيدا تېۋىنىپ،
قىلىشار ئادەملەر تاۋابنى
مەريەم بۇۋىگە سىغىنىپ.

تۈركىيىنىڭ مىللىي قەھرىمانى، جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرغۇچىسى. 1-دۆۋەنىڭ رەئىس جۇمھۇرىدۇر. ئۇنىڭ نەسلى ئىسمى مۇستاپا كامال ئىدى.

تۇرىمەن
مارتاپى تۆپىلىكىدە،
كۆمۈلگەن بۇ يەرگە ئۇلۇغ بىر ئادەم،
يەلپۈيدۇ
چۇۋۇلغان چېچىمنى يېنىك،
سوۋۇتۇپ
يۈرىكىمنىڭ قايناق قېنىنى،
مەيىن ۋە سالقىن تاغ شامىلى شۇ دەم،
قەدىمىي قورغانغا ئوخشايدۇ ئەجەب
بۇ قەبرە،
ئالدىمدا قەد كېرىپ تۇرغان
شۇنچىلا ئېگىز ۋە شۇنچىلا ھەيۋەت.
گويا بىر مويسىپىت تارىخىي ئاتا
ياغدۇرۇپ بەستىدىن سۆلەت، ئادالەت.
بىر مىللىي قەھرىمان كەچۈرمىشىدىن
سۆزلەيدۇ رىۋايەت كەبى ھېكايەت.
سۆزلىنەر يارىتىش — بەرپا قىلىشنىڭ
ئۇلۇغۋار تۆھپىسى، ئاجايىپ شۆھرەت.
تۈركىيە ئاتىسى سىز ئاتا تۈرك،
ھەم تۈرك خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغلى،
خەلقىڭە بىلدۈرگەن چەكسىز ساداقەت.

شۇ سۇنى ئۇتلىغان ئادەمنىڭ
ھەل ئىمىش مۇرادى بىگۇمان.
پەلەكنىڭ چاقى كۆپ چۆرگىلەپ،
ئۆمرۇمدە قەد كەرگەن كۆپ پىلان.
مەنمۇ ھەم ئىچتىم چوڭ بىر ئۇتلام،
يۈدۈم يۈز-قولۇمنى شۇ ھامان.
بىردىنلا تارقالدى ھارغىنلىق،
يەڭگىللىك ھېس قىلدى ھەمدە جان.
بولسىمۇ خرىستىئان دىنىنىڭ
مۇقەددەس ماكانى شۇبۇ يەر،
مۇنداق سۆز ئادەملەر ئىچىدە
ئېغىزدىن ئېغىزغا يۆتكىلەر:
"كىم قىلسا بۇ يەرنى بىر تاۋاپ
ھاجىغا ئايلىنار، تاپار كۆپ ساۋاب"
مېنى رام قىلالماس خۇراپات،
قالدۇردى لېكىن بۇ ساياھەت
تارىخ ۋە ھاياتلىق ھەققىدە
مەندە كۆپ ئەسلىمە، خىيالەت.

## ئاتا تۈرك مەقبەرىسىگە مۇھەببەت

ئاتا تۈرك — تۈرك ئاتىسى دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. ئۇ

تۈركىيىنىڭ مىللىي قەھرىمانى، جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرغۇچىسى. 1-نۆۋەتلىك رەئىس جۇمھۇردۇر. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى مۇستاپا كامال ئىدى.

تۇرىمەن
مارتاپى تۆپىلىكىدە،
كۆمۈلگەن بۇ يەرگە ئۇلۇغ بىر ئادەم،
يەلپۈيدۇ
چۈۋۈلغان چېچىمنى يېنىك،
سوۋۇتۇپ
يۈرىكىمنىڭ قايناق قېنىنى،
مەيىن ۋە سالقىن تاغ شامىلى شۇ دەم،
قەدىمىي قورغانغا ئوخشايدۇ ئەجەب
بۇ قەبرە،
ئالدىمدا قەد كېرىپ تۇرغان
شۇنچىلا ئېگىز ۋە شۇنچىلا ھەيۋەت.
گويا بىر مويسىپىت تارىخىي ئاتا
ياغدۇرۇپ بەستىدىن سۆلەت، ئادالەت.
بىر مىللىي قەھرىمان كەچۈرمىشىدىن
سۆزلەيدۇ رىۋايەت كەبى ھېكايەت.
سۆزلىنەر يارىتىش — بەرپا قىلىشنىڭ
ئۇلۇغۋار تۆھپىسى، ئاجايىپ شۆھرەت.
تۈركىيە ئاتىسى سىز ئاتا تۈرك،
ھەم تۈرك خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغلى،
خەلقىڭە بىلدۈرگەن چەكسىز ساداقەت.

بۇ گۆزەل تۇپراقنى چەيلىگەن چاغدا،
جاھانگىر زالىملار تۆمۈر تاپاندا،
قاراقچى خۇنپەرلەر قىلىچ ئويىنىتىپ،
بىگۇناھ جانلارنى قىرىپ چاپقاندا؛
رىيازەت، ئازابلار چەككەندە خەلق،
مىللەتنىڭ تەقدىرى قېلىپ خەتەردە؛
چىقتىڭىز، مۇستاپا كامال ئۆزىڭىز،
دەس تۇرۇپ ئاتلىنىپ مۇشكۇل سەپەرگە.
ئىقتىدار، ئەقىل ۋە ئەرلىكتە ھامان،
پۈتۈن بىر مىللەتنى باشلاپ ماڭدىڭىز
يېڭى بىر ئەسىرنىڭ تاڭلىرى تامان.
تۇغنى ھۆرلۈك ۋە مۇستەقىللىكنىڭ
كۆتۈرۈپ ئېگىزگە،
قوغلىدىڭىز تېز
يۇرت - ۋەتەن باغرىدىن زالىملارنى سىز.
دەم ئالماي، ئۆزىڭىزنى ئوڭشاپمۇ تۇرماي
خارابلىق ئىچىدە ياتقان تۇپراقتا
قايتىدىن گۈللەتتىڭىز سەلتەنەتنى
ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ،
قالماي ئۇزاققا.
ئىسلاھات قىلدىڭىز دادىللىق بىلەن،
جىمىكى مەينەتنى، سېسىق ئەخلەتنى
قالدۇرماي قومۇرۇپ، تازىلاپ بەلەن.

دۇنيا مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلدۇرۇپ،
چىقتىڭىز ھارماستىن قوراللاندۇرۇپ
بىلىمدە، ئېرپاندا، مەدەنىيەتتە
بۇ قەدىم مۇسۇلمان ئەھلىنى ھەيۋەت.
ياۋروپا، ئاسىيا چېگرىسى ئارا،
قەد كەردى مۇنەۋۋەر باتۇر بىر مىللەت.
تۇرسىمەن
مارتاپى تۆپىلىكىدە.
ئاستا قەدەمدە زىيارەتچىلەر
پەلەمپەي ئۈستىگە ئۆرلەيدۇ ھامان،
ئېتىقاد، چوقۇنۇش، تەقۋادارلىق ھەم
ئىشەنچ ۋە تۈگىمەس قۇدرەت ئىلكىدە.
ئويلىدىم ئۈنچىقماي كۆڭلۈمدە شۇ ئان:
تىنچ ياتقىن،
ئەي ئاتا تۈرك، ئال ئارام.
سەن باقىي ئالەمدە مەغرۇرلۇق بىلەن
كۈلۈۋەر، تەبەسسۇم ئەيلە خىرامان.
چۈنكى
سەن كۈرەشلەر قىلغان دىياردا،
گۈللەنگەن تۈركىيە
ئاستا ـ ئاستا
زەبەردەس قەددىنى كۆتۈردى شادىمان.

1988 ـ يىل ماي.

مەسچىت مۇنارى كۆككە بوي سوزغان.
بازار ـ گۇزەرلەر
ئاۋات، قاينىغان.
بوغۇق، ياڭراق سۇناي ئاۋازى،
راۋاب مۇڭى تارقىلىپ ھەر يان،
يۇرەكلەرنى لەرزىگە سالغان.
راستىمدۇ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەجەب؟
بولمايۋاتقاندۇ قايتىلاپ ئايان،
ئاھ، كۆرگەن چۈشلىرىم كېچە ـ كېچىلەپ.
يولدىكى يىگىتلەر غەيۇر، نەۋقىران،
يولدىكى قىزلارمۇ گۇلدەك رەڭ ئالغان.
چىرايلار، لەۋلەردە ئۇينار تەبەسسۇم،
ھەر ئۆيدە توقچىلىق،
شادلىق ھۆكۈمران.
ئىلگىركى "كەپتەر ئۇۋۇلىرى"قېنى؟
جۇل ـ جۇل كىيىملىك قەلەندەرلەر ھەم؟
نەگىدۇ ھەممىسى غايىب بولۇشقان،
ئالدىمدا نامايان
ئاۋات مەنزىرە،
ئاھ ئانا،
قايتىنغۇ قوينۇڭغا قىزىڭ،
قەلبىمدە دولقۇنلاپ قاينار ھاياجان.

# ئانام سەن ۋەتەن

بەختسىز ھەمدە دەردمەندۇر ئانىسىدىن يېتىم قالغان،
ئېزىققان قوزىدەك ئىڭرار ۋەتەندىن ئايرىلىپ ئىنسان.

ئوتتۇز يىلدىن ئاشقاندا مانا،
ئاخىر بۈگۈن قايتىپ كېلىپسەن.
ئىزدىدىڭمۇ ئەسلى جايىڭنى،
بالىلىقتىكى ئويۇنلىرىڭنى،
غەمسىز ئۆتكەن چاغلارنى خۇرسەن؟

ئۆز تۇپىدىن ئايرىلغان قۇشتەك،
ئالەمنىڭ نېرىسىدا سەن بولۇپ سەرسان.
ئۇزاق ئايرىلغان يۇرتۇڭغا قايتتىڭ،
سەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بۇ ماكان،
مەشھۇر قەدىمى شەھەر
ئېزىز قەشقەر،
كەڭ، ئازادە كوچا-رەستىلەر
رەت-رەت بىنالار بوي تالاشقان.
تونۇش، ناتونۇش
ھېيتگاھ مەيدانى،

قەلبىم مىسلى ئۆركەشلىك بولۇت دېڭىزى
يۇرت ـ ۋەتەن،
مۇقەددەس سۆز بۇ نە قەدەر.
بارچىدىن ئايرىلسا ئايرىلار ئادەم،
پۇل، ھوقۇق، نام ـ شۆھرەت،
مەرتىۋىدىن ھەم.
يوقىتىپ قويۇشقا بولمايدىغىنى
پەقەت سەن،
سۆيۈملۈك ئانىجان ۋەتەن.
كۆڭلۈمدە
بۇ ئۇيغۇر قېرىندىشىمغا
مۇنداق سۆز ھەدىيە قىلدىم ئۈنسىز مەن:
"ئاھ ۋەتەن،
ئەبەدىي ئانا ماڭا سەن."

1988 ـ يىل ماي.



ھايات مۇساپەڭ يېرىم ئەسىرلىك،
ئۇقتۇردى ساڭا كۆپ نەرسىنى روشەن،
ئوتتۇز نەچچە يىللىق شامال-يامغۇرلار،
ئوتتۇز نەچچە يىللىق سېغىنىش ۋە غەم
قىرولار قوندۇردى ئىككى چېكەڭگە.
ياماشتى قورۇق كۆز جىيەكلىرىڭگە.
بولساڭمۇ ماھىر بىر دوختۇر گەرچە سەن،
بولسىمۇ ئۆي-جايىڭ ئىستامبۇلدا ھەم،
ئۆتسىمۇ تۇرمۇشۇڭ پاراغەت بىلەن.
داۋالاش، يېپىشقا ئامالسىز ئۇلار
سېغىنىشتىن يۇرتۇڭنىڭ توپىلىرىنى
سارغىيىشنى چىققان چىراي-يۈزۈڭگە.
ھاياجان ئىچىدە ئېقىتىپ كۆز ياش
تۆكتىڭغۇ يۈرىكىڭ سۆزىنى بىزگە:
"يۇرتۇمدىن ئايرىلغانغا
بولدى ئوتتۇز يىل،
كۆپ تارتتىم سەرسانلىق ئازابى سىرتتا،
ئۆزگىلەر ۋەتەنسىز دېگەندە مېنى،
يۈرىكىم سەكپارە بولدىغۇ ھەتتا."
يىغىدىن بوغۇلۇپ قالدى ئاۋازىڭ،
ئارقامغا بۇرۇلدۇم،
تاشلىدىم نەزەر،
ئايروپىلان قانىتى ئاستىدىكى كەڭ،
تاغ-دەريا ھۆسنىگە گۈزەل رەڭگارەڭ.

سەن مېھرلىك، سەن سۆيۈملۈك يۇرتۇم مېنىڭ.
كەلدىم يوقلاپ سېنى،
كۈيلەپ ئەتەڭنى ھەم،
يالقۇنلىنىپ ئۆچمەس يۈرەك ئوتۇم مېنىڭ.

قۇچىقىڭدا ۋېشكىلار قەد كۆتۈرۈپتۇ،
بۇرغا سادا بېرەر تۇنجى قۇدۇق ئارا.
يېپيېڭى بىر تارىخمي بەت ئېچىپتۇ چۆل،
ئىستىقبالىڭ چېچىپتۇ نۇر پارلاپ گويا.

ئەي ئىلانلىق،
سەندە غەيرەت، سەندە بەرىكەت،
بايلىقلىرىڭ قۇچىقىڭغا كەتكەن توشۇپ.
مەن تىلەيمەن تېخىمۇ ئۇز رەڭلەر تۈزگىن،
سەن شىنجاڭنىڭ گۈل ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ.

1988-يىل 15-ئۆكتەبر، توقسۇن.

## تۈز دېڭىزى

سوزۇلۇپ ياتار ئەگرى تاغ يوللىرى،
جىلغىلار، ئېدىرلىقلار كەتكەن تۇتاش.
ماشىنا گۈركىرەيدۇ داۋان ئېشىپ،
جىلغىدا ياڭرار شاۋقۇن ناخشا ئوخشاش.

# يۇرت تەسىراتلىرى

## يۇرتۇمغا سەپەر

ئەي ئىلانلىق،
　　مەن توغۇلۇپ ئۆسكەن ماكان،
يۇرىكىمدىن ئىشقىڭ مەڭگۈ ئورۇن ئالغان.
ئۆزگىرىپتۇ قىياپىتىڭ ئاي، كۈن ساناپ،
تونۇيالماي قېلىپ بۇگۈن بولدۇم ھەيران.

ئۆتكەندىكى قاغجىرىغان قاقاسلىقتا،
چۆپلەر ياشناپ قوي، كالىلار يۈرەر يايلاپ.
ئۆتكەندىكى كونا تاملار ئىز-ئورنىدا،
يېڭى ئۆيلەر دېرىزىسى تۇرار چاقناپ.

ئادەمزات ئىز باسمىغان داللاردا،
زاۋۇتمۇ ھەم، يېزىمۇ ھەم بوپتۇ بەرپا.
يوللار تۇتاش، ئۆستەڭلەرمۇ ئاقار ھەر يان،
دەل-دەرەخلەر بۈك-باراقسان، گۈللەر بەرنا.

ئەي ئىلانلىق،
　　قوزغار قوينۇڭ سۆيۈنۈشلەر،

# بەخت بېغىدا ناخشا ئېيتىمىز

— «گۆدەكلەر ناخشىلىرى» توپلىمىغا بېغىشلىما.

سەن باشلىغىن ناخشاڭنى،
مەنمۇ ئېيتاي جور بولۇپ.
پارتىيىنى، ۋەتەننى،
كۈيلەيلى بىز زوقلۇنۇپ.

گارمونىڭنى ئال دوستۇم،
تەمبۇرۇمنى مەن چېكەي.
بەختىيار ھاياتىمىز،
سازىمىزغا جان بەرگەي.

بەخت، شادلىق قوشكېزەك،
ناخشا ياغسۇن شەنگە.
بەك يېقىملىق ناخشىمىز،
بىزنى ئۈندەر ئەتىگە.

ئۆسمۈر دوستلار ئېيتايلى،
دېڭىز كەبى شاۋقۇنلۇق.
بەختىمىزنى كۈيلەيلى،
ناخشا ئېيتىپ يالقۇنلۇق.

1988- يىل، ئۈرۈمچى.

ئالدىمدا كۆرۈندى ئاق بىر مەنزىرە،
قارمۇ دەپ قالدىم كۆزنى چاقسا باشتا.
تۈز تېغى، تۈز دېڭىزى ئىكەن بىلدىم،
ماشىنا يېقىنلاشقان چاغدا ئاستا.

كۆرۈنەر بىپايان، ئاق تۈز دېڭىزى.
بۇ تۇپراق باي خىسلەتكە، ئىلھاملارغا.
ئەسلىتەر گويا تاغنى تۈز دېڭىزى،
سوۋغىسى بۇ زېمىننىڭ ئىشچانلارغا.

شۇنچە چوڭ تۈز دېڭىزى بارلىقىنى
تۇنجى رەت كۆردۈم بۇ يۇرت ـ دىيارىمدا.
گۆھەر بار چۆل تەكتىدە، بارچە جايدا،
ئېچىلار ئۇ ئىسلاھات باھارىدا.

1988 ـ يىل 16 ـ ئۆكتەبىر، تۇرپان.

"مۇز تاغلار ئاتىسى"دۇنياغا مەشھۇر،
بار يېشىل بوستانلار جىلۋە قىلغۇچى.
ئەڭ توۋەن ئويمانلىق بار ھەم بۇ يەردە،
بار قۇرغاق، قاغجىراق قۇملۇق باياۋان.
توپىنى،
شېغىلنى ئۇچىرار بوران،
بار تومۇز ئىسسىقى تونۇر تەمىدەك.
ۋە سىم-سىم يامغۇرلار،
سوغۇق قەھرىتان.
بىر يىلنىڭ يېرىمى بولار زىمىستان،
جۇۋىنى سېلىپلا كىرىسىز يازغا.
كۆپ دەشتى چۆللىرى ئادەم بارمىغان،
بوستانلار ئاشلىققا، مېۋىلەرگە كان.
بەزىلەر ئاڭلاپلا قورقار بۇ يەردىن،
بەزىلەر كېلىدۇ ئارزۇلاپ ھامان.
بولسىمۇ بۇ يەرلەر خىلۋەت، باياۋان،
كۆزلەرنى چاقىدۇ بايلىق،
مەنزىرە.
زامانىۋى قاتناشتىن قىسقىراركەن يول،
بولسىمۇ ۋەتەننىڭ يىراق غەربىدە.
غايەت زور ئۆزگىرىش بۇ يەردە بۈگۈن،
جانلىنىش، جاسارەت باردۇر ھەممىدە.
تۆتلىشىش يولىغا تاشلاندى قەدەم،
ئىسلاھات باھارى قىلىپ تەنتەنە.

# مېھرلىك دىيار

ۋەتەننىڭ مېھرلىك كەڭ دىيارى بۇ،
جىمىكى ئادەمنى قىلار مەھلىيا.
«مىڭ بىر كېچە»نىڭ چۆچەكلىرىدە،
سۆزلەنگەن دۇنياغا ئوخشايدۇ گويا.
تارتىدۇ ئۆزىگە ھەممىلا يېرى.
مۇبارەك ئىسمى بار شىنجاڭ ئاتالغان.
رەڭداردۇر تەبىئەت مەنزىرىلىرى،
مىللەتلەر ئادىتى ھەر خىل تۈس ئالغان.
قۇرۇلۇش،
گۈللىنىش قىياپەتلىرى،
ئاپىرىن ئېيتقۇزار،
قالدۇرۇپ ھەيران.
بۇ يەردە بار ھەيۋەت قاتمۇقات تاغلار،
بار تۈزلەڭ، دەريالار، سايلار بىپايان.
بار كەڭرى ئېتىزلار، ئېكىنزارلىقلار،
كارىزلار، يەر ئاستى سۇلىرى ئاققان.
شىپالىق ئارشاڭلار باردۇر بۇ يەردە،
بار مۆزلار ئېقىنى كەم تېپىلغۇچى.

# كۆيلەيلى بەختىيار دەۋراننى

— «مىللىي يازغۇچىلار» ژۇرنىلىنىڭ نەشر قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلەپ...

كۆنساناپ كۆچەيدى ئىلىمىز،
ئىسلاھات قەدىمى تاشلىنىپ.
مىللەتلەر ئۆم بولۇپ ئۇيۇشۇپ،
ئۇلۇغۋار يۈرۈشلەر باشلىنىپ.
پارتىيە ئاپتىپى مېھرىدىن،
گۈللەندى مىللەتلەر ئېرپانى
زورايدى ئەدىبلەر قوشۇنى،
يۈز ئاچتى كەشپىيات زامانى.
كۆيلەنسۇن يولباشچى پارتىيە،
كۆيلەيلى سۆيۈملۈك ۋەتەننى.
ئىناقلىق،
ئىسلاھات،
دەۋرىمىز،
ياشناتتى بۇ ئانا گۈلشەننى.
يازغۇچى، سەنئەتكار ئەزەلدىن.
خەلقىنىڭ، ۋەتەننىڭ جارچىسى.

بېيىشقا يول ئاچتى يېڭى سىياسەت،
ياشارتتى دىللارنى غۇنچىدەك، گۈلدەك،
ئوتتۇرا ئاسىيا گۈلىستانى بۇ،
ھەر مىللەت ئۇيۇشقان ئىناق ئائىلىدەك.
جياڭنەنگە ئوخشايدۇ قارىساڭ بۇ جاي،
گۈرۈچ ۋە بېلىقى چىقارغان ئاتاق.
بۇ قەدىم يەر تاپتى يېڭىدىن ھايات،
ئۆتكۈزۈپ بېشىدىن ئوتتۇز قىشنى، ھەم
دەل ئوتتۇز باھارنى، تاپماقتا روناق،
ئىناقلىق كۈيىگە تولغان تارىخى،
پارتىيە ھەر مىللەت خەلقىغە نىجات،
نۇرىدىن ئەل ئاۋات،
دىللار بولۇر شات.

1988 - يىل، ئۈرۈمچى.

# ۋەتەننىڭ كەلگۈسى سىلەر

باللار ۋەتەننىڭ گۈللىرى،
باللار خەلقنىڭ كەلگۈسى.
بولغۇسى خوجىسى ۋەتەننىڭ،
بولغۇسى يېڭىشلار بەلگۈسى.

شاكىچىك دوستلار بەك سۆيۈملۈك،
ئۆستۈڭلار بەختىيار زاماندا.
ئەجدادلار غەمخورلۇق قىلغاچقا،
كۈلكەڭلەر ياڭرايدۇ هەر ياندا.

تىرىشىپ باغلاڭلار بەلنى چىڭ،
ئاتىلار خىسلىتى ئۈلگەڭلار.
ئۆگىنىپ مەدەنىيەت ۋە پەننى،
ئىجادكار بولۇڭلار، گۈللەڭلار.

باغلىدى سىلەرگە ئەل ئۈمىد،
بولۇڭلار ساغلام، شوخ، جۈرئەتلىك.
زاپاس كۈچ سىلەر ئەل يولىدا،
كەلگۈسى قوشۇنى غەيرەتلىك.

دەۋرگە ئوقۇسۇن مەدھىيە،
ئەل ئۈچۈن سۆز قىلسۇن بارچىسى.
بۇ ژۇرنال ۋەتىنىنىڭ بېغىدا،
يېڭى گۈل رەڭ تۈزۈپ ئېچىلغان
مىللەتلەر ئىجادى،
ئەقلىنىڭ،
جەۋھىرى بولغۇسى نامايان.
ئۇز بولسۇن تەڭرىتاغ گۈلدەك،
تولۇپ ئۇ جىلۋىگە ۋە شانغا.
يورۇتسۇن شولىسى ئۆلكەمنى،
ئىپارى چېچىلسۇن جاھانغا.

1988 - يىل، ئۈرۈمچى.



# دۇنياغا يۈزلەنسۇن مۇقام

—— شنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام ئۆمكىنىڭ شەرەپ قۇچۇپ قايتقانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن.

كېلىپسىلەر قايتىپ،
قۇچۇپ شەرەپشان.
كېلىپسىلەر ئېلىپ،
شىيائگاگلىق،
ئاۋمېنلىق قېرىنداشلارنىڭ
تىلەك ـ ئارمانلىرىنى،
ئەلگە، ۋەتەنگە يوللىغان.
ئاسىيا سەنئەت بايرىمى سەھنىسىدە،
ئۇيغۇرنىڭ مۇقامى ياڭراپ،
ئۇسسۇلى ئەيلىدى جەۋلان.
تارقاتتىڭلار،
ۋەتەنىنىڭ داڭقىنى ھەر يان،
شنجاڭغا كەلتۈرۈپ شەرەپشان.
ئېيتىمەن سىلەرگە تەشەككۈر،
تەبرىكلەپ شادىمان.
سىلەرنىڭ مۇڭلۇق ناخشاڭلار،

ئەۋلادلار ئەجدادتىن ئاشقۇلۇق،
دولقۇنلار دولقۇننى ئىتتىرەر.
جاپالىق ئىگىلىك يارىتىش،
ئىنسانغا شان-شەرەپ كەلتۈرەر.

ئۈملىشىپ ھەر مىللەت پەرزەنتى،
باتۇرى بولۇڭلار يۈرۈشنىڭ.
ئەتكى چېۋەرى ئۆزۈڭلار،
شىنجاڭنى ئېچىشنىڭ، قۇرۇشنىڭ.

1988-يىل، ئۈرۈمچى.

# چۆلدە چاقنىغان گۆھەرلەر

— ماناس ئېلېكتر ئىستانسىسى 1 ‐ نومۇرلۇق گېنېراتور گۇرۇپپى‑ سىنىڭ پۈتۈن لىنىيە بويىچە توك تارقاتقانلىقىنى تەبرىكلەپ...

ئۇن سەككىز مېترلىق ئېگىز تۇرخۇنلار،
قادالدى بۇلۇتلۇق كۆككە تىك تۇرۇپ.
قاپلىدى تۈتەكلەر ئەتراپنى تۇتاش،
ياشىندى ھاياتلىق قايناپ جۇش ئۇرۇپ.

ئىستانسا ئۆيلىرى تۇرار قەد كېرىپ،
رەتمۇرەت سەپ تۈزۈپ شۇنچە بەك ھەيۋەت،
ئېلېكتر سىملىرى كەتكەن چىرمىشىپ،
ئۆمۈچۈك توردەك زىچ قەۋەت ‐ قەۋەت.

ئۈسكۈنە ئەسۋابلار خىل زامانىۋى،
يۇقىرى تېخنىكا، چېۋەر ماھارەت.
يۇرتۇمنىڭ ئەڭ كاتتا ئىستانسىسى بۇ،
كەلگۈسى ئىقبالى پارلاق ئالامەت.

ۋە ئۇسسۇلۇڭلار نەپىس، لەرزان،
يېقىملىق سازىڭلار،
چىرايىڭلار گۈلدەك ئېچىلغان،
كەلتۈردى لەرزىگە،
شياڭگاڭ شەھىرىنى،
قالدۇرۇپ ھەيران.
ۋارىسلىقمۇ، ئىجادمۇ كېرەك سەنئەتتە،
نۇر چاچقۇزغۇلۇق ئەلۋەتتە،
مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ھەر ئان.
ئۆرلەڭلار يەنىمۇ يۈكسىلىپ،
تىلەيمەن ماھارىتىڭلاردىن
زىلزىلىگە كەلسۇن پۈتۈن جاھان.

1988 ـ يىل 26 ـ نويابىر، ئۈرۈمچى.



# يۇرت مۇھەببىتى

مەن دېڭىزغا سالغانمەن نەزەر،
چىقىپ باققان ئېگىز تاغلارغا.
كەزگەن ئىدىم دەشتى چۆللەرنى،
بارغان يايلاق، گۈزەل باغلارغا.

بارغان يىراق ئارگېنتىناغا،
سان ـ فرانسىسكونى كۆرگەن ئىدىم مەن.
ئەنقەرەدە سەيلىلەر قىلغان،
ۋە چاۋشىيەندە يۈرگەن ئىدىم مەن.

ئۆزگە يۇرتلار رەڭدار ۋە گۈزەل.
كوچىلىرى گۈلىستان سۈپەت.
ئۆزگە ئەللەر ئىمارەتلىرى،
تىزما تاغدەك ئېگىز ۋە ھەيۋەت.

لېكىن قانداق يەرگىلا بارسام،
تەڭرىتاغنى ئەسلىدىم ھامان.
مەيلى قانداق مەنزىرە كۆرەي،
ئۆز يۇرتىنى سېغىندى بۇ جان.

ئايلىنار ئۇيقۇلۇق بۇ چۆللەر ئەمدى،
ئېلېكتر قۇۋۋەتلىك چوڭ شەھەرلەرگە.
تېخىمۇ جىلۋىلەر قىلار بۇ دىيار،
ئۆزگىرىپ تۈنلەرمۇ تاڭ سەھەرلەرگە.

1988 - يىل 28 - نويابىر، ماناس.



# تېخىمۇ گۈزەل ئەتىمىز

— شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ 1989 - يىل يېڭى كۈنى ئاڭلىتىدىغان "تېخىمۇ گۈزەل ئەتىمىز" نومۇرلىرىغا...

نەقەدەر جاراڭلىق ئەتە دېگەن سۆز،
يازسىمۇ پارقىراپ تۇرار نۇر چېچىپ.
ئىلھاملار بېغىشلار ئەتە دېگەن سۆز،
ئىلگىرىلەپ مېڭىشقا داۋانلار ئېشىپ.

كۆزلەرنى چاقنىتىپ بولۇر نامايان،
كۆپ، يېڭى ئۇتۇقلار - غەلىبىلەر ئەتە.
ئاي، قۇياش، بوستانلار كۈلەر تېخىمۇ،
گۈزەللىك قىلىدۇ جىلۋىلەر ئەتە.

بىز كىرىپ بارىمىز يېڭى جەڭلەرگە،
ئۇلۇغۋار قەسەملەر كۈچ بېرەر جانغا.
يېڭىچە مەنزىللەر يۈز ئاچار ئەتە،
يۈرۈشلەر يېزىلار يېڭى داستانغا.

ھەر دەقىقە ھېس قىلغىنىم شۇ،
يۇرتۇم سۆيى شېرىن ھەسەلدەك.
ئادەملىرى يېقىملىق شۇنچە
ھاۋاسى ساپ ئىپاردىنمۇ بەك.

يۇرتۇم، يۇرتۇم، ئانا دىيارىم،
سەن بۆشۈكسەن مېنى ئۆستۈرگەن.
سەپەر قىلسام بولسەن يەلكەن،
قەلبىمدە سەن توزىماس گۈلشەن.

1988 - يىل، توقسۇن.



# گۈل شەھىرىگە مەدھىيە

يانۋار ئېيى،
مېنىڭ يۇرتۇمدا
تامچىغان سۇ مۇزغا ئايلىنار،
قار قاپلايدۇ زېمىننى ئاپئاق.
قار تۇتاشقان ئۇپۇققا، كۆككە
ئەتراپ كۇمۇش بىلەن قاپلىنار،
چەكسىز دالا بولۇپ پارقىراق.
يېپىنىدۇ يايلاق يېپىنچا،
ھۇشقۇيتىدۇ شۇۋىرغان-سوغاق.

*　　　*　　　*

بۇ يەر
ئىكەن باشقا بىر جاھان،
ھەممىلا يەر يېشىل باراقسان.
گۈل-غۇنچىلار رەڭدار ئېچىلغان،
تاغلار يېشىل بۇلۇت مىسالى،
ئېتىز يېشىل تاۋار يېيىلغان.
قۇشلار سايرار شاخلاردا سەكرەپ،
ئېرىقلاردا سۇ ئاقار راۋان.
ساپ ھاۋادىن خۇش ھىد تارايدۇ،

تىلەيمىز ئەتىمىز بولسۇن دەپ گۈزەل،
بەختكە چۆمۈلسۇن بۇ يېڭى ھايات.
تېخىمۇ ئۇرغۇسۇن جاسارەت ئەتە،
يارالسۇن يېپيېڭى ئىجاد ـ كەشپىيات.

1988 ـ يىل دېكابىر.

# بامبۇك

سەن شۇنچە يېشىل،
سەن شۇنچە يۇمران.
سەن شۇنچە تۈپتۈز،
شۇنچە نەۋقىران.
يېشىل دېڭىزنىڭ
ئەركىسى ئۆزۈڭ،
ھاياتلىق قايناپ
تۇرغان،
جۇش ئۇرغان.
بېغىشلايسەن
ئادەملەرگە روھ،
بېغىشلايسەن
يېشىللىق كۆركەم.
بېغىشلايسەن تۈز كۆكۈللۈكنى
ئۆرلەش جۈرئىتى، جاسارىتى ھەم.
ياشاش كۈچى بەستىڭدە ئايان،
ساھىل، ئۆستەڭ بويى،
تاغ ئۇستى،
يامغۇر سۈيى بارلىكى جايدا،

بۇ يەر جەننەت نۇرلار چاقنىغان.
جياڭنەن — سۇلۇق يۇرت،
گۈزەل ماكان،
ئىسسىق بەلباغ مەنزىرىلىرى
مەپتۇن قىلار كىشى قەلبىنى،
تەلپۈندۈرۈپ ئۆزىگە ھەر ئان.
مەن بېيجىڭدىن كەلدىم جەنۇبقا،
سەزدىم ئىككى دۇنيانى شۇ ئان.
گۇاڭجۇ سېنىڭ گۈل شەھىرى نامىڭ
ئەمەس بىكار شۆھرەت قازانغان.
سەن جەنۇبنىڭ چوڭ دەرۋازىسى،
سەن چىمەنزار گۈزەل گۈلىستان.
دولقۇن ئۇرار سەندە ئىسلاھات،
ئالغا قەدەم تاشلاپسەن ھامان.
سەن بىر يېشىل ياقۇت گوياكى،
دېڭىز بويىغا كېلىپ ئورنىغان.
سېنىڭ قوينۇڭ ئەبەدىي باھار،
كۆكلەرنى ئۆزىگە تارتقان.

1989 - يىل يانۋار، گۇاڭجۇ سوگخوا.

# گۈل

ھەممە كىشى سۆيىدۇ گۈلنى،
مەنمۇ ھەرگىز مۇستەسنا ئەمەس.
دۇنيادىكى گۈللەرنىڭ خىلى،
زادى قانچە بىلگىنىم يوق، بەس.
سانىغانغا پۈتمەيدۇ سانى،
لېكىن جەنۇبتىكى گۇاڭجۇدا مەن
كۆردۈم گۈللەرنىڭ ئەڭ كۆپ خىلىنى.
رەڭمۇرەڭ
چىرايلىق
نازۇك بەك بەلەن.
گۈل دەرىخى،
گۈللەرنىڭ تېغى،
گۈللۈك يوللار
ۋە گۈللۈك ئايۋان.
گۈل دېڭىزى،
گۈللۈك كەڭ ئوكيان.
تەبەسسۇملۇق گۈللەر چىرايى،
گۈلدۇ يە دە تۆكۈلۈپ ياتقان.
كوچا ـ كوچىدا ئاققىنىمۇ گۈل،

قەددىڭ سېنىڭ بولار نامايان.
يېشىل بامبۇك سېنى كۆرگەندە،
ياشلىق قايتا قايىندى تەندە.
زېھنىي كۈچۈم ئۇرغۇدى تېشىپ،
قاتارىڭنى كېزىپ يۈرگەندە.
يېشىللىقتا ئامراقمەن ھەر دەم،
تەبىئىيلىك، گۈزەللىكتە ھەم.

1988 ـ يىل يانۋار.



# ئىككى چوڭ دەرۋازا

ئىمارەت ـ بىنالار كۆككە تاقاشقان.
مېھمانخانىلار، ئوردىلار كۆركەم.
كۆزلەرنى چاقنىدۇ ماگىزىنلىرى،
ئادەملەر دېڭىزدەك ئاقىدۇ ھەر دەم.
ئەتراپلىق ھەم قىزغىن مۇلازىمەتلەر،
جىمىكى ئادەملەر تەبەسسۇم قىلار.
گەپلەرنى ئانچە بەك چۈشەنمىسەممۇ،
چۈشەندىم سەممىي قەلبى بىغۇبار.
ئۆزىمىز جەنۇبتىن، شىمالدىن تۇرۇپ،
ئارىنى كۆرمىدۇق تاغ ـ دەريا ئايرىغان.
قەلبىمىز تۇتىشىپ كەتكەن بىر بولۇپ،
بار ئورتاق ئارزۇلار،
بار ئورتاق نىشان.
گۇاڭجۇ ـ شىنجاڭنىڭ ھەمكارلىقىنىڭ
يوللىرى راۋان، كۆپ
پارلاق ھەمدە كەڭ.
ئىككى چوڭ دەرۋازا بولۇشۇپ ھەمدەم
چاچىدۇ گۈللىنىش نۇرلىرىنى تەڭ.

1989 ـ يىل، گۇاڭدۇڭ.

دىماغلارغا گۈل ھىدى مېھمان.
گۈل ھىدىدىن مەست بولار يۈرەك،
گۈل بېغىشلار تەنگە يېڭى قان.
گۈل بېغىشلار گۈزەللىك زوقلار،
گۈزەللىكتىن ياشىرىدۇ جان.
مەن ئامراقمەن گۈللەرگە،
گۈللەر
ئويغىتىدۇ ھېسنى بىگۇمان.
مەن ئامراقمەن بۇ گۈل شەھىرىگە،
گۈل ئۆستۈرگەن ئادەمگە ھەر ئان.

1989 ـ يىل يانۋار، گۋاڭجۇ.



ئۆچتۈڭسەن،
    ھالقىدىڭ تەڭرىتاغدىن ھەم.
ئىگىلىك كۆچەيگەن بىر ئەلگە باردىڭ،
تىنچ ئوكيان ئۈستىدىن سەن ئۆتۈپ شۇ دەم.
سەن كىچىك بالىلىق چاغلىرىڭدىلا،
كۆرگەنسەن شېرىن ۋە گۈزەل چۈش بەلكى،
شۇ چۈشلەر ئەمەستى ئاساسسىز خىيال.
ئەمەستى گىرىمسەن قاقاس چۆلدىكى،
ئۇ ئىدى مۇستەھكەم ئاساس ئۈستىگە
قۇرۇلغان ئىشەنچ، كۈچ، ئەجىر ـ ئەقىدە.
مۇقامنىڭ كۈيىدىن ياڭرىغان بەلەن،
ۋە «قۇتادغۇبىلىك» پەلسەپىسىدىن،
قەمبەرخان ئوينىغان ئۇسسۇلدىن لېۋەن،
ئويلاندىڭ قايتىلاپ، ھايات ھەققىدە،
ھېس قىلدىڭ نېمىمىز كەملىكىنى سەن.
غىچىرلاپ ماڭىدۇ ئېشەك ھارۋىسى،
بېسىلغان كەبى كۆپ ئەسىرلەر يۈكى،
يۈرىكىڭنى ئېزىپ ئۆتتى ئىز سېلىپ،
ئېلىپنى تاياقتىن ئايرىيالمىغان،
بالىلار كۆزىنىڭ خىرە نۇرلىرى،
ئاغرىتتى قەلبىڭنى گويا سانجىلىپ.
مۇنەۋۋەر پەن ـ تېخنىك تالانتلىرىنىڭ،
ھېس قىلدىڭ مىللىتىمىزدە كەملىكىنى سەن.
ئۇلارسىز خام خىيال بىرەر مىللەتنىڭ،

# تەڭرىتاغ بۈركۈتى ئەيلىدى پەرۋاز

ئەركىن سىدىق شىنجاڭ داشۆ فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ 78 - يىللىق ئوقۇغۇچىسى. ئۇ، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغلىرىدىلا خەنزۇ تىلىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەن. كېيىن ئاقسۇدا شىنجاڭ بويىچە ئىككىنچى (خەنزۇچە قوبۇل قىلىش نومۇر ئۆلچىمىدە) نەتىجە بىلەن ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ شىنجاڭ داشۆگە كىرگەن، سىمسىز تېلېگراف كەسپىدە ئوقۇغان، ئۆگىنىش جەريانىدا جاپاغا چىداپ، ئىخلاس بىلەن تىرىشىپ ئەلا ئوقۇغانلىقتىن، مەملىكەت بويىچە ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچىلار ئۈلگىسى بولۇپ باھالانغان. مەكتەپتە ئېلىپ قېلىنىغاندىن كېيىن ياپون تىلىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بېرىپ ياپونىيىگە ئوقۇشقا بارغان. تىرىشىپ ئىلگىرىلەپ ياپونىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن 72 دۆلەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسىدە تۆتىنچىلىككە ئېرىشكەن. ھازىر ئامېرىكىدا ئوقۇۋاتىدۇ. ئىككى يېرىم يىل ۋاقىت ئىچىدە ئۇ ياپون، ئىنگلىز تىللىرىدا 19 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى. بەزى ماقالىلىرى ئامېرىكىدىكى دۇنيانىڭ ئالىي قاتلىمىغا مەنسۇپ ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى.

—— «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» خەۋىرىدىن.

تەڭرىتاغ بۈركۈتى، ئەي ئەركىن سىدىق،
بەستىڭگە چۆل، بوستان ھارارىتى يار.
تېنىڭدە ئاقسۇنىڭ گۈل - گىياھلىرى
ۋە تارىم توپىسىنىڭ خۇش بۇيى ھىدى بار.

جۈڭگودىنمۇ سەن.
ماقالەڭ يورۇققا چىقتى دۇنيانىڭ
ئەڭ ئالىي قاتلىمىنىڭ ژۇرنىلىدا ھەم،
مەغرۇرلۇق ھېس قىلار خەلقىڭ،
ئىپتىخار —
ھېس قىلار يۇرتداش ياش دوستلىرىڭ ھەر دەم.
سەن ئۇلار قەلبىدە ئۈلگە، نەمۇنە،
سەن ئۇلار قەلبىدە چوڭ ئوبراز جەزمەن.
نەزەرىڭ ھالقىسى پۈتۈن دۇنيادۇر،
قەلبىڭگە ئورنىغان ئۇلۇغۋار ۋەتەن.
تەۋرەنمەس ئىشەنچىڭ، سۇنماس غەيرىتىڭ،
ئىزدىنىش، ئىلگىرىلەش دىلىڭغا ھەمدەم.
چەت ئەللىك ئادەملەر بىلەن بەسلىشىش،
مىللەتنى گۈللىتىشنى كۆزلەشتەك روھىڭ،
قەلبىمىز قېتىغا ئورنىدى مەھكەم.
تەڭرىتاغ بۈركۈتى ئەيلىدىڭ پەرۋاز،
جور بولۇپ تەمبۇرغا، ياڭراق مۇقامغا.
پامىرنىڭ ھەيۋەتلىك مۇزلۇق چوققىسى،
تەڭرىتاغ ئىزمىسى قالدى ئارقاڭدا.
نەزەرىڭ ئاستىدا ئاقتۇ تارىم،
ئەبەدىي توختىماي دولقۇنلار ئۇرۇپ.
قايناملار ياسالغان شىددەتلىك ئېقىم،
غايەت زور ئادەمدەك تىنار تولغىنىپ.
چاقىرار ئىلغارلىق ۋە مەرىپەتنى.

گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىشى جەزمەن.
بايقىدىڭ،
ۋە تاللاپ ئالدىڭ نىشانىنى.
شۇ ياققا ماڭدىڭ قەدەملەر تاشلاپ،
تۈنلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگىنىڭنى،
تەسەۋۋۇر قىلىمەن سېنىڭ قانچىلاپ.
قانچىلاپ سۇبھى كۆز ئاچاي دېگەندە،
ياتقاندا تارىم جىم غەپلەتتە ئۇخلاپ.
خورازلار بىلەن تەڭ ئورنىڭدىن تۇرۇپ،
كىتابلار ئوقۇدۇڭ ئۇيقۇنى قوغلاپ،
مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ چېگرىسى يوقتۇر،
بىلىمدە ـ ئېرپاندا ئەزەلدىن ئەبەت.
بىلىمنىڭ دېڭىزىدا ئۈزدۈڭ توختىماي،
ئىنسانلار مەدەنىيىتى جەۋھەرلىرىنى،
سۈمۈردۈڭ قانماس زور ھەۋەستە پەقەت.
ئەمگىكىڭ، ئەقلىڭدە ئاچتىڭ ئاخىرى
ئىشىكىن سەن ئالىي بىلىم يۇرتىنىڭ،
بار ئىزلار مەكتەپنىڭ ھەممە يېرىدە،
بېسىلغان تەپتىدە ئىشق ئوتۇڭنىڭ.
يېڭى بىر مۇھىتتا ئۆگەندىڭ شۇنداق،
يۈكسەلدى ئوبرازىڭ ھارماس ئىخلاسمەن.
ئارزۇيۇڭ، ئىستىكىڭ، خىيالىي چۈشۈڭ،
ماقۇۋەت ئەمەلگە ئاشتىغۇ ئەينەن،
ھالقىدىڭ شىنجاڭدىن،

# تەڭرتاغ سۆيگۈسى

تەڭرتاغ —
شنجاڭنڭ ئالتۇن بۆشۈكى،
سەندە بار مڭ گەزلك مۇزلۇقلار ھەيۋەت.
قار سۈيى سۇغرار چەكسز دالانى،
قۇچقڭ يايلاقتۇر، بوستاندۇر زۇمرەت.
ھەمملا يېرڭ مول مەدەن مەنبەسى،
كۆمۈرڭ، نېفتڭ دېڭزى چەكسز.
قوغۇنلار تارتدۇ سەيلچلەرنى،
قاشتېشى، ئالتۇنڭ داڭقمۇ شەكسز.

ھەر مللەت خەلقنڭ بەخت بېغسەن،
ئناقلق گۈللرى رەڭدار ئېچلغان،
ئۆزئارا ئۆگنش، تەڭ راۋاج تېپش
ھەققدە ھېكايە كۆپ بۇندا ھامان.
ئالتاينڭ ئالتۇن رەڭ يايلاقلرى ۋە
تارمنڭ ساھلى، بوستانى بويلاپ،
تارقلپ تەڭ گۈللەش خەۋەرلرى ۋە
ئناقلق ناخشسى تۇردۇ ياڭراپ.
سەن ئۇلۇغ ۋەتەننڭ گۆھەر زېمنى،

كۆتۇرۇپ توختىماس شاۋقۇن چوقاننى
چاقىرار ئىلىم-پەن مەدەنىيەتنى،
چاقىرار قابىللار تولغان زاماننى.
تەڭرىتاغ بۇركۈتى ئەيلىدىك پەرۋاز،
بىللە ئېپ ئۇچۇپ سەن مىليون قەلبنى،
ھەر مىللەت تىلىگەن تىلەك-ئارماننى.

1989-يىل، ئۈرۈمچى.



## تارىمغا بېغىشلانغان ناخشا

ئەي تارىم،
ئەي سۆيۈملۈك تارىم،
سەن نېمانچە باي بىر ماكانسەن،
كۆكۈللەرنى ئەجەب تارتىسەن.
سەن دېڭىزسەن،
قوملۇق، باياۋان،
مۇنبەت ئېتىز-
دالا چاقنىغان،
سەن ئوتلاقسەن،
نېفىتلىك ئوكيان.
سەن بوز يەر سەن،
گۆھەر ئويمانلىق،
چېكىگە كۆز يەتمەس بىپايان.
ئەي تارىم،
كىم بىلىپتۇ قاچان،
قانچە ئەسىر ئۇخلىغىنىڭنى؟
"ھالاكەتنىڭ دېڭىزى" دېگەن
نام ئېلىپمۇ قوپمىغىنىڭنى؟
رىۋايىتىڭ كۆپتۇر تارالغان.

ئەي شىنجاڭ، سۆيۈملۈك يۇرتۇم، قەدىردان.
قايتىدىن نۇرلاندى بۇ يىپەك يولى،
گۈلشەن سەن دىللارنى مەستانە قىلغان.
ياۋروپا-ئاسىيا كۆۋرۈكى بولۇپ
تۇرىسەن تەڭرىتاغ ئۆزرە ھالقىغان.
بىر ھەسەن-ھۈسەندەك كۆكتە چاقنىغان
بۇ غەربىي دەرۋازا ئېچىلدى داغدام،
شىنجاڭنىڭ ئىقبالى يۈز ئاچتى پارلاپ،
ھەر مىللەت ئۆملۈكى يېڭى بىر داستان.

1989 - يىل، ئۈرۈمچى.

قاقاس چۆلدە شاۋقۇن دەممۇدەم،
ئايلىنسەن دۆلەت بويىچە
ئەڭ كاتتا بىر نېفىتلىككە سەن،
تۆھپە قوشقىن ۋەتەنگە ھەر دەم.
تىلەك تىلەي، تارىم، ئېشىپ كەت
سەئۇدى ئەرەبىستانىدىن،
پارس قولتۇقى ئەللىرىدىن ھەم.

1989 - يىل 10 - ئاپرېل، كورلا.



ئەي تارىم، سەن
سوزۇلۇپ ياتقان
بوز يەر گويا سەن ئېچىلمىغان.
ئەي تارىم، سەن
گۈزەل قىز-جانان،
ئاشىق تېخى بايقاپ بولمىغان.
تارىم، سېنىڭ بايلىق-گۆھىرىڭ
تەكشۈرۈلەر، ئېچىلار ئەمدى.
تارىم، سېنىڭ گۈزەل مەنزىرەڭ
ئادەملەرنى مەست قىلار ئەمدى.
تارىم، سېنىڭ مۇبارەك نامىڭ
ئەۋلادمۇئەۋلاد ئۆچمەيدۇ پەقەت.
ئىستىقبالىڭ، پارلاق كەلگۈسىڭ
نۇر چاچىدۇ يۇلتۇزدەك ئەبەت.
تارىم، سېنى كۈيگە قاتىمەن،
شېئىرىمغا جىلۋەڭ بېرەر رەڭ.
سەن شىنجاڭنىڭ غۇرۇرى، پەخرى
سەن شىنجاڭنىڭ شەرەپ-شانى ھەم.
بۈگۈن قوينۇڭ ئارا باشلاندى
نېفىت ئۈچۈن چوڭ بىرلەشمە جەڭ،
قەد كۆتۈردى ۋېشكىلار قاتار،
بۇرغا تىنماي سايرايدۇ بۇ دەم.
تارىم، سەندە يېڭى قىياپەت،
قۇملۇقلاردا كۆرۈنۈش كۆركەم.

روھىڭىز سىزنىڭ
خىسلەتلەرگە باي،
غەيرىتىڭىزگە قايىل بولغانمەن،
ئادەملەرگە قويغان مېھرىڭىزگە
نائىل بولغانمەن.
سىز يېشىل قارىغاي،
سىز يېشىل شەمشاد،
بەرق ئۇرۇپ گۈللەپ - ياشنىغان.
سىز كىچىك بىر گىياھ،
توزۇماس بىر گۈل
چىلۋە قىلغان، پورەكلەر ئاچقان.
سىز نامسىز قەھرىمان،
سىز داڭلىق ئەرباب.
سىز ئاددىي،
سىز ئۇلۇغ ۋە ئالىيجاناب،
خەلقىمىزنىڭ پەرزەنتى سىز.
خەلقىمىزگە داھىي - پاسىبان،
سىز ھەققانىي، ئادىل ۋە خالىس
پاك - بىغۇبار، سەممىي ھامان.
كەمتەر ئىدىڭىز، ئادەملەر بىلەن
كېتەتتىڭىز چىقىشىپ ئاسان،
ئوچۇق - يورۇق، تۈپتۈز ھەرقاچان.
ئالىي رەھبەر ئىدىڭىز ھەمدە
ئاددىي پۇقرا ئىشچان - تىرىشچان.

## ئۇنتۇمايدۇ خەلقىمىز سىزنى

——يولداش خۇ ياۋباڭغا مەرسىيە.

مەن سىزنى كۆرگەن،
بىز تونۇش ئىدۇق،
مەن سىزنى چۈشەنگەن،
بىز يولداش ئىدۇق،
يىراقلاردا، تۆۋەندە بولساقمۇ گەرچە
بىز يېقىن دوستلاردىن بولۇپ ئۆتۈشكەن.
سىزنىڭ ئىشخانىڭىز،
خۇەيرېنتاڭ زالى
ۋە خەلق سارىيىدا،
ھەتتا قازاقنىڭ
كىگىز ئۆيلىرىدە بىز بىللە بولغان.
كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ زادى
ئاشۇ چاغلاردا بىز سۆھبەتلەر قۇرغان.
تونۇش ئۈنىڭىز قۇلاق تۈۋىمدە
جاراڭلاپلا تۇرغىنى تۇرغان.
تەبەسسۇملۇق نۇرانە چىراي
سۆيۈندۈرگەن مېنى ھەم تالاي.

مەركىزىي پارتىيە مەكتەپ زالىدا
سىز بەرگەن دەرسنى گويا
سىز بىلەن بىز سۆھبەتلەر قۇرۇپ،
چاقچاقلىشىپ كۈلۈشمەكتىمىز.
ئالتايدىكى قېيىنزارلىقتا
گويا بىللە
قولتۇقلىشىپ يۈرۈشمەكتىمىز.

1989 - يىل 22 - ئاپرېل، ئۈرۈمچى



پېشقەدەملەرگە ئىدىڭىز غەمخور،
ياشلارغا تەلەپچان، ئامراق، مېھرىبان.
مۈشكۈلاتلار قورقاتتى سىزدىن،
يات ئىدى سىزگە ھېرىش ۋە چارچاش.
تونۇردەك قىزىق تومۇز كۈنلىرى
ئايلىنىپ تەگرىتاغنى، كېزىپ باياۋان،
بىرلىكتە بېيىشقا قاتۇرۇشۇپ باش،
ھەر مىللەت خەلقىغە بولغان سىز سىرداش.
بۈگۈن كۈنىمىز
تېخىمۇ گۈزەل،
تېخىمۇ باياشات ئۆتتۈۋاتقاندا،
ئارىمىزدىن كېتىپ قالدىڭىز،
قانداق ياش تۆكمىسۇن كۆڭۈل كۆزىمىز.
يولداش خۇ ياۋباڭ،
پارلاق تۆھپىڭىز
يېزىلىدۇ تارىخ بېتىگە،
سىزنىڭ يارقىن ئوبرازىڭىز
سىڭىپ كەتتى ئەلنىڭ قەلبىگە.
تەبەسسۇملۇق خۇش سۆباتىڭىز
ئىلھام بېرەر ھەربىر كىشىگە.
كۆپتۈر ئەلگە بەرگەنلىرىڭىز،
ئۇنتۇمايدۇ سىزنى خەلقىمىز،
كەتمىدىڭىز سىز،
ئاڭلاۋاتىمەن ئولتۇرۇپ

## جۇمھۇرىيەت، لەپىلدىسۇن بايرىقىڭ

— جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى
مۇناسىۋىتى بىلەن.

قىرىق قېتىم كەلدى باھار، كەلدى كۈز،
ياغدى تالاي يامغۇر، چىقتى شامال ھەم.
قىرىق يىلدا بولدى تالاي بۇرۇلۇش،
تەرەققىيات ئاچتى تالاي جامال ھەم.

بېسىپ ئۆتتۇڭ كۆپ جەڭگىۋار مۇساپە،
جۇمھۇرىيەت — ئانا ۋەتەن يۈكسىلىپ.
تالاي كۈرەش-جەڭنى باشتىن كەچۈردۈڭ،
قانلىق، ئوتلۇق سىناقلارغا يۈزلىنىپ.

سان-ساناقسىز ئېلىشىشتا ھەر قېتىم،
ساڭا مەنسۇپ بولدى غەلىبە، شەرەپشان.
ساڭا قارشى چىققانلارنىڭ ھېچبىرى،
قىلالمىدى سېنى گۇمران ھېچقاچان.

# خەلقىمىزنىڭ ياخشى ئوغلى

——يولداش بۇرھان شەھىدىگە مەرسىيە.

ئەجىر قىلدىڭ ئۇمۇم ئۈچۈن بىر ئۆمۈر،
بارلىقىڭنى بېغىشلىدىڭ خەلققە.
سادىق بولدۇڭ كوممۇنىزم يولىغا،
تېگىپ ۋەتەن ئىشقىنى چىڭ قەلبكە.

سەن جۇڭخۇا مىللەتلىرى باتۇرى،
خەلقىمىزنىڭ ياخشى ئوغلى ئەبەدكە.
كىشلەرگە داڭقىڭ بەكمۇ تونۇشتۇر،
تۆھپىلىرىڭ نۇر چاچار ھەر تەرەپكە.

1989 - يىل 27 - ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى.

مەن يېتىلدىم بىللە ئۆسۈپ سەن بىلەن،
يۈرىكىمگە ئىشقىڭ چوڭقۇر ئورناشقان.
سېنىڭ بىلەن ئىستىقبالىم، تەقدىرىم،
مەڭگۈلۈككە چىڭ چېتىلغان، ئۇلاشقان.
سەن بولمىساڭ، ئىلگىرىلەيمەن مەن قانداق،
سەن بولمىساڭ، نەدە ماڭا شەرەپشان.

ئەي ۋەتىنىم، جۇمھۇرىيەت جانىجان،
ئۆزۈڭ ماڭا ئاتا، ئۆزۈڭ ئانىجان.
شەپقىتىڭنى، چەكسىز ئىللىق مېھرىڭنى،
ئۇنتۇمايمەن ئۆمرۈم بويى ھېچقاچان.

سېنىڭ ئۈچۈن كۈچ قوشىمەن، ئىشلەيمەن،
يۇمۇلمىسا كۆزۈم، بولسا تەندە جان.
جۇمھۇرىيەت، قىرىق يېشىڭ مۇبارەك!
سەن  جۇشقۇنلۇق، سەن ياش شۇنچە نەۋقىران.

گۈللىنىسەن يەنە تېخى بەرق ئۇرۇپ،
ئىستىقبالىڭ نۇرلۇق سېنىڭ پارلىغان.
ساڭا ۋاپا كەلتۈرىمەن، سادىقمەن،
تەرىپىڭگە يېزىپ مىڭ كۈي ۋە داستان.

راھەت بېغى سەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ،
بارچە گۈللەر تەڭ ئېچىلغان گۈلىستان.

مەغلۇپ بولدى، رەسۋا بولدى بىر ـ بىرلەپ،
ئەكسىچە سەن روناق تاپتىڭ گۈللىنىپ.
مايىل بولدى خەلق قەلبى تېخىمۇ،
ئەقىدىسى، ئىشەنچىسى نۇرلىنىپ.

جۇمھۇرىيەت، سەن بىر كىگانت ئادەمسەن،
قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مەزمۇت شەرقتە.
بېغىشلايدۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشۇڭ،
ئىلھامىنى دۇنيادىكى خەلققە،

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دېگەن نام،
ھەم يېقىملىق، ھەم ياگراقتۇر ئالامەت.
ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنى چىللايدۇ،
ۋە بېرىدۇ پرولېتارغا كۈچ ـ مەدەت.

* * *

مەن ئەسلىدە بالىسىمەن دېھقانىنىڭ،
چۆلگە يېقىن بىر يېزىدا تۇغۇلغان.
جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانغا ئەگىشىپ،
يورۇق كۆرگەن، قەد كۆتۈرگەن، ھۆر بولغان.

مەن يېتىلدىم، ئۆسۈپ سەپكە قېتىلدىم،
پارتىيىنىڭ ئىللىق نۇرى مېھرىدە.
بۈگۈنمۇ كەلدى ئاشۇ قۇياشتىن،
تەبەسسۇم بار شۇڭا ھامان چېھرىمدە.

# ئادالەت

(غەزەل)

كۆچ ئېلىپ سەندىن ئادالەت، ئۆستى بۇ تەن ھەمدە جان،
تۆندە نۇر، جاڭگاللدا يول تاپتىم سېنىڭدىن ھەرقاچان.

سەن چىراغ، پەرۋانىمەن، سەن كۆنكى مەن ئاپتاپپەرەس،
بىلىنەر زىندان كەبى سەن بولمىساڭ بۇ كەڭ جاھان.

سەن دېمەكلىك ئەل، ۋەتەننى دىلدا تۇتماقلىق دېمەك،
شۇڭا قىلغان پارتىيىمىز سېنى بايراق جانىجان.

سەن ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ جەڭلەرگە كىردىم مەن تالاي،
نى ئېغىر چاغلارمۇ بولدى زومىگەرلەر قۇتۇرغان.

ياغدى تۆھمەت، پىتنە-ئىغۋا ئوقلىرى مۆلدۈر كەبى،
ئوقۇغاچ ئەپسۇن شاياتۇن چىقىرىپ پات-پات بوران.

بولدى رەسۋا ساڭا قارشى جادۇگەر ئالدامچىلار،
كىم زۇلۇم يولىدا ماڭسا، ئۇ نىچۈك قالغاي ئامان؟

باھارىڭدىن خۇش بۇي ئىپار تارايدۇ،
قۇچىقىڭدا ياشناپ ھايات قايىنغان.

جۇمھۇرىيەت، دەريا ـ تېغىڭ گۆھەردۇر،
قوغدايمىز بىز زىچ ئۇيۇشۇپ تىكىپ جان.
جۇمھۇرىيەت ئۆسسۇن يەنە ئابرويۇڭ،
كەلسۇن يەنە زىلزىلىگە كەڭ جاھان.

لەپىلدىسۇن جۇمھۇرىيەت بايرىقىڭ،
ئەيلەپ مەڭگۈ ئېگىز كۆكتە شوخ جەۋلان.

1989 ـ يىل، ئۈرۈمچى.



## "ياۋايىلار كەنتى"گە سەپەر

تەكلىماكان قۇملۇقىدا بىپايان،
بىر دەريا بار جەمجىت ئاققان يىل ـ يىللاپ.
قاشتا تارقاق يېزىلار بار، ياشىغان
بىنھان ئۇيغۇر دېھقانلىرى ماكانلاپ.

بۇندىن تۆتيۈز يىل مۇقەددەم بۇ يەردە،
ئىككى ئادەم باققان ئىكەن قوي پەقەت.
ھازىر نوپۇس سەككىز يۈزدىن ئېشىپتۇ،
كۆچە ـ كۆچە بولۇپ بىر توپ جامائەت.

گېزىتتىن بىر خەۋەر كۆردۈم، ئۇلارنى:
دۇنيا بىلەن ئالاقىسى يوق، — دېگەن.
دەپتۇ تېخى: ئۆي ـ جايلىرى ناچاركەن،
قۇملۇقتىكى ياۋايىلار بۇ جەزمەن.

كۈنى قانداق ئۇلارنىڭ بىر كۆرەي دەپ،
يوقلىماقچى بولۇپ چىقتىم سەپەرگە.
رىۋايەتكە ئوخشايدىكەن مىش ـ مىش گەپ،
"ياۋايىلار كەنتى" زادى قەيەردە؟

سەن قورال مەيداندا ھەم مۇشكۇلدە ئەڭگۈشتەر ماڭا،
سېنى كۈيلەيمەن ئەبەد بولغىن ئادالەت پاسىبان.

1988 ـ يىل ئىيۇن.



مېھمانلارنى كۈتىدىكەن بەك قىزغىن،
ئېلىپ چىقىپ بار-يوقنى ھەر ئۆيلۈك.

بۇ يەرلەردە ئوغرى-يالغان يوق ئىكەن،
ئوۋ ئوۋلاشسا ئورتاق بەھرى ئالاركەن.
بىر-بىرىدىن ھەزەر قىلماس كىشىلەر،
سىرتقا ماڭسا ئىشىك ئوچۇق قالاركەن.

كۆتۈۋالدى سېخىي، قىزغىن بىر بوۋاي،
ئالدىمدىكى بىر قورۇغا كىرگەندە.
ھاياجانلىق ياشلار ئاقتى كۆزىدىن،
سالاملىشىپ، ھال سورۇشۇپ كۈلگەندە.

مېھمان قىلدى سېلىپ كەڭرى داستىخان،
چاي قۇيۇپ نان ئۇشتۇپ قىزغىن ساھىبخان.
ئۇنىمدۇق قوي سويماقچى بولغاندا،
تويدى قورساق بولسىمۇ بۇ باياۋان.

ھېچكىم بۇندا ئۆتكۈزمەسكەن جىنايەت،
خاتىرجەم ۋە خۇشال-خۇرام ھەممىسى.
بىللە ئىشلەپ، ئىناق يۈرەر ھەر جايدا،
بار تەڭلىكنىڭ ھەم دوستلۇقنىڭ بەلگىسى.

چىرا ناھىيە قۇچىقىدىن قوزغالدۇق،
سەھەر پەيتى سائەت ئۇچتىن ئاشقاندا.
قاراڭغۇدا يۇرۇپ تەستە تەمتىلەپ،
يولغا ئاران ئۇلاشتۇق تاڭ ئاتقاندا.

ماڭدۇق قۇملۇق ئېدىرلارنى ئارىلاپ،
قۇملار گويا پاختا قېلىن ۋە تىرەن.
ماشىنىمىز پاتسا قۇمغا ئىتتەردۇق
ۋە كۆتۇردۇق يەلكە بىلەن قول بىلەن.

پادىچىلار ئۇچراپ تۇردى يول بويى،
قۇملۇقلارنى قىپتۇ ئۇلار تۇرالغۇ.
قوي-پادىنى ئوبدان بېقىش يولىدا،
بولالماپتۇ بوران، مۇشكۇل توسالغۇ.

ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق كېلىپ بىز،
قوي توپىنى "ياۋايىلار" يايلاتقان.
يېشىل، يۇمران قىرغاقتىكى ئوت-چۆپلەر،
سېمىز ئىكەن مال-چارۋىلار يايراشقان.

ياۋاش ئىكەن بۇ يەردىكى يۇرتداشلار،
ئادەت ئىكەن سەممىي ئاق كۆڭۈللۇك،

## دېھقان دوستۇمغا

ئەي دېھقان، سەن مېنىڭ دوستۇم قەدىردان،
ئۆتمىزدا بىز بىللە چوڭ بولغان ئىشچان.
دىلىمىز رىشتىسى چىگىلگەن بىللە،
كەل، سىرداش بولايلى يەنە مېھرىبان.

سوغ نەپەس، سوغ تەلەت قىش كەتتى ئەنە،
باھارنىڭ شامىلى ئويغاتتى يەرنى.
ياسىنىپ تارىنار ۋادىلار، باغلار،
كۆيلىدى نەغمىچى قۇشلار سەھەرنى.

خۇش پۇراق تارقاتتى ئەتراپقا شامال،
قىزىلگۈل بۇلبۇلدىن ئالدى خەۋەرنى.
تۇر ئەمدى قەدىناس، قىزىت ئەمگەكنى،
ئۆتمىزلار سېغىندى مەرۋايىت تەرنى.

ئېيت ناخشا، ئاۋازىڭ كەتسۇن يىراققا،
سۆيۈنگەي جان، كىرسە كۆيۈڭ قۇلاققا.
خۇمارمەن دېھقاننىڭ يۈرەك كۆيىگە،
ئۇ يۈرەك ئوخشايدۇ كۆيچى بۇلاققا.

ئالار ئىگەن خىش - كاھىشنىڭ ئورنىنى،
يۇلغۇن شېخى ئۆي سالغاندا قۇم ئارا.
بولمىسىمۇ زامانىۋى ۋە لېكىن،
ئېسىل ئۆرپ - ئادەت قىلار مەھلىيا.

1989 - يىل، خوتەن.

# چىن قېرىنداش بىز

ــــ 8 ـ قېتىملىق "مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئېيى" مۇناسىۋىتى بىلەن.

قېرىنداش بىز ھەممىمىز،
بىرىمىز ئاكا،
بىرىمىز ئۇكا،
بىرىمىز ئاچا ھەم بىرىمىز سىڭىل.
بىز شۇنداق قېرىنداش،
ئىتتىپاق ـ ئىجىل.
ئانىمىز جۇڭگو دۇر ـ جانجان ۋەتەن،
بىز ئۇچۇن بۇيۇكتۇر تەڭرىتاغ، تەيشەن،
تارىمنىڭ،
خۇاڭخېنىڭ دولقۇنلىرىدىن
بىز ھالال، پاك ئانا سۇتىنى ئەمگەن.
جۇڭغار ئويمىنى،
خۇەيخې تۈزلىگى
بىز ئۆسكەن يۇرت ـ ئېكىنزار ـ گۈلشەن.
ئەجدادلار ياشىغان
بولۇشۇپ ھەمدەم.
ئوخشىماس بىزدىكى ئۆرپ ـ ئادەت ھەم،

ئېيت ناخشا، ناخشىدا سىڭدۈرسۇن ئۇرۇق،
ناخشىدا ئۈنسۇن ۋە ئۆسسۇن مايسىلار.
ئوخشىسۇن بۇ يىلمۇ زىرائەت يەنە،
مول ھوسۇل كۆپەيسە يۇرتنى باي قىلار.

ئېيت ناخشا، ئەي دېھقان دوستۇم قەدىردان،
ناخشىدا تەبىئەت كىيسۇن كۆك چاپان.
ناخشاڭدىن، ئىشىڭدىن كۆڭلۈم يايرىسۇن،
تىلىكىم شۇكى: باي بولغىن، بول ئامان.

1990 - يىل 18 - فېۋرال.



# قولىڭىزدا ئىسسالامات تۇغى لەپىلدەر

ناغرا ـ سۇناي ساداسى يەتتى پەلەككە،
تەڭرىتاغدا قىز ـ يىگىتلەر چۈشتى ساماغا.
خۇش كېلىپسىز جىياك زېمىن باش شۇجى بۇگۈن.
تاغ ـ دەريالار جور بولدى ئۇسسۇل ـ ناۋاغا.

قوغۇنلۇقلار سۇنۇشتى ئەڭ شېرىن قوغۇن،
ئۈزۈمزارلار سۇنۇشتى مەرۋايىت ـ گۆھەر.
يولىڭىزغا سېلىندى، رەڭدار پاياندار،
قۇياش چاچتى ئۇپۇقتىن چاچقۇ تاڭ ـ سەھەر.

سىز كېلىپسىز مەردانە قەدەملەر تاشلاپ،
كەڭ شىنجاڭغا ھاياجان، يېڭى كۈچ باشلاپ.
سىز كېلىپسىز خۇش چاقچاق، يۇمۇرلۇق سۆزلەپ،
ئىسلاھاتنىڭ يولىغا نۇرلار بېغىشلاپ.

كۈتتى سىزنى ئالقىشلاپ ئېتىزلار، باغلار،
بۇلبۇللار شوخ بەزمىلەر تۈزدى بوستاندا.
كۈتتى سىزنى چۆللەردە ۋېشكا ئورمىسى،
يايلاقلاردا دومبىرا قاتتى داستانغا.

ئوخشىماس كىيىملەر،
تاماقلار ھەتتا،
ئوخشىماس تىلىمىز سۆزلىشىدىغان،
ۋە لېكىن بىردەكتۇر بىزدىكى نىشان.
بار ئورتاق غايىمىز،
بار ئورتاق ئارمان.
گۈللىسۇن بۇ ئانا ۋەتەن دەمبۇدەم،
ھەر مىللەت تەڭ روناق تاپسۇن ئۈلگىيىپ،
كۈچەيسۇن ئىلمىمىز، تاڭ قالسۇن جاھان.
ئۇيۇشۇپ گىگانت، گاڭ ئادەمدەك مەھكەم،
ئۆزگىرىپ قالسىمۇ ھاۋا جۇت بولۇپ،
ئارىغا قىل سىغماس،
بىز ئىناق ھەر دەم.
قوغدايمىز تەڭرىتاغ كەبى تىك تۇرۇپ،
ۋەتەننىڭ دەرياسى، تاغلىرىنى تەڭ.

1990 - يىل ئاپرېل.

## مۇقەددەس مەشئەل

سەن بىيجىڭ قوينىدا ياندىڭ ئۇن بەش كۈن،
ئەي يۈكسەك مەشئەل، ئەي مۇقەددەس مەشئەل.
سەن ئۈمىد شولىسى، ئىرادە ئوتى،
زوقلىنىپ كۆز تىكتى ساڭا ھەممە ئەل.

نۇرۇڭدا قاينىدى بىيجىڭدا شادلىق،
ئاسماندا قىزىلتۇغ، ئاسماندا شەپەق.
نۇرۇڭدا يۈز ئاچتى قات-قات ئىمارەت،
دۇنياۋى تەنھەرىكەت شەھىرى ھەيۋەت.

نۇرۇڭدا يورۇدى قەدىم ئارزۇلار،
نۇرۇڭدا يورۇدى مىليونلاپ يۈرەك.
ئالقىشلار قوزغىدى ئەزىمەت-مەردلەر،
جۇڭخۇانىڭ كۈچىدىن كۆرسىتىپ كۆرەك.

نۇرۇڭدا چاقنىدى ۋەتەن قامىتى،
پەلەككە ئىنتىلگەن جۇشقۇن روھ نىيەت.
يۇيۇلدى ئۆتمۈشنىڭ خۇنۇك داغلىرى،
چاقنىدى ئەقىدە، جۈرئەت، جاسارەت.

قالغىنى يوق ئىزنىڭىز چۈشمىگەن ماكان،
تەڭرىتاغنىڭ ئوڭ ـ سولى بويلاپ بىپايان،
ھەربىر شەھەر، بازارنى كۆچۈرۈپ كۆردىن،
سىرداشتىڭىز پۇقرالار بىلەن مېھرىبان.

ئۆيلىرىگە كىردىڭىز ئىشچى ـ دېھقاننىڭ،
ئولتۇردىڭىز يېقىملىق قۇرۇپ باداشقان.
ھال ـ مۇڭىغا يەتتىڭىز غەمگۇزار بولۇپ،
كىڭىز ئۆيدە ئىچتىڭىز قىمىز ۋە ئايران.

تەڭرىتاغنىڭ خەلقىغە قەلبىڭىز تۇتاش،
ھەربىر سىقىم تۇپراققا بار چىن مۇھەببەت.
ئەل بەختىگە تۈزۈپ سىز يۈكسەك پىلانلار،
ئىشلىدىڭىز كۆيۈنۈپ، دەم ئالماي پەقەت.

سۆزلىرىڭىز، ئىشىڭىز بەردى كۆپ رىغبەت،
ئىناق جەڭگىنى قىزىتتى بۇندا ھەر مىللەت.
گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇشقا ماڭدۇق ئات سېلىپ،
كەلگۈسىنىڭ مەنزىرىسى بېغىشلار غەيرەت.

سىز مۇناسىپ يولباشچى ۋەتەن، خەلققە،
قولىڭىزدا ماۋجۇشى تۇغى لەپىلدەر.
ئەل باغلىدى ئۈمىدنى، تىلەپ ئامانلىق،
سىز بار ئىگە غەلىبىگە بۇ يېڭى سەپەر.

1990 ـ يىل.

# كوُچا تەسىراتلىرى

(چاتما)

## كوُچا قوُچىقىدا

يەنە ماڭا قوُچاق ئاچتى
گوْزەل كوُچا باغلىرى.
جىلۋە توّكتى، كوْموْش توّكتى،
ياقوُت تاجلىق تاغلىرى.

سېنتەبردە كەلسەم مېنى
بوُ يوُرت كوّمدى ئىپار غا.
شىرنە تامار مېۋىلەردىن،
قىر پوْر كەنگەن تاۋارغا.

بارسام قوُمباش يېزىسىغا،
جىق ئىكەن تال ـ باراڭلار.
كىردىم دېهقان ئوّيلىرىگە،
قىزىپ كەتتى پاراڭلار.

نۇرۇڭدا ياڭرىدى ناخشا ـ كۈلكىمىز،
دولقۇنلاپ گۈللىنىش ھاياجىنى ھەم.
كۆچەيدى رىقابەت چېلىش، ئىلگىرىلەش،
چوڭقۇرلاپ چۈشىنىش، دوستلۇق دەمبۇدەم.

نۇرۇڭدا ئاسىيا مەردلىرى ماڭدى،
دۇنياۋى مۇنبەرگە بىرلىكتە ئۆرلەپ.
ھەشقاللا تۆھپىكار ئەزىمەتلەرگە،
ۋەتەنگە، دوستلۇققا كەلتۈرگەن شەرەپ.

قەلبىدە سەن ھەربىر ئاسىيالىقنىڭ
لاۋۇلداپ ياندىڭ ھەم ئەيلىدىڭ جەۋلان.
ئۈملۈك ۋە ھەمكارلىق، ئەقىل، ئىقتىدار،
نۇرۇڭدا، ئوتۇڭدا بولدى نامايان.

بېيجىڭدا ياندىڭ سەن ئەي قۇتلۇق مەشئەل،
ئاسىيا، جۇڭگوغا ياغدۇرۇپ شۆھرەت.
يېڭىش ۋە يېڭىلىش ۋاقىتلىق، لېكىن
دوستلۇق ۋە ئىناقلىق ياشايدۇ ئەبەد.

1990 ـ يىل 7 ـ ئۆكتەبىر.

## مۇقام ئىلھامى

باغلاردىن، ئۆيلەردىن ئاڭلىنار مۇقام،
مىڭ يىللىق ئۆتمۈشكە باشلاپ پىكرنى.
ئاھاڭلار سۆزلەيدۇ تارىخ، ھاياتنى،
ئۇتتۇقنى، ساۋاقنى، سىرنى، سېھرنى.

چاچىدۇ ھاۋاغا ھېس-تۇيغۇلارنى،
چاچىدۇ دەرد، شادلىق، يىغا-كۈلكىنى.
مەست بولۇپ تىڭشايدۇ خەلق بىلەن يەر،
يۈكسىلىش يولىغا سېلىپ ئۆلكىنى.

## مىڭئۆي

قىزىل مىڭئۆي بار ئىكەن،
تىك بىر قىيا ئۈستىدە.
زىننەت بولۇپ تۇرۇپتۇ،
تاشلىق تاغنىڭ ھۆسنىگە.

پەستىن ئاڭا قارىساڭ،
كۆرۈنەركەن بەك ھەيۋەت.
بۇلۇتلارنىڭ قېتىغا
كىرىپ تۇرار رەتمۇرەت.

بۇغداي، قوناق ئوخشاپ راسا،
تېرىمچىلار يايراپتۇ.
نامراتلىقتىن قۇتۇلغاچقا،
دۇتار، تەمبۇر سايراپتۇ.

كۇچا كۈيى سىڭدى دىلغا،
يەنە قوزغاپ ھاياجان.
ئوينالغاندا ئۇسسۇل، مەشرەپ،
تىترەپ كەتتى گويا جان.

"پاخلان سويدۇق، قونۇڭ!" دەپ
تۇتتى ئۇلار كۆپ نۆۋەت.
"ئالدىراش" دەپ خوشلاشقاندا،
كۈلۈشتۇق بىز كارامەت.

كۇچا خەلقى باتۇر، ئىشچان،
قىز-يىگىتى چىرايلىق.
مېھماندوستلۇق، خۇش چاقچاقلىق
قوزغار دىلدا ئامراقلىق.

يۈرىكىمنى كۆيدۈردى دەپ
خۇش ناۋالىق مۇقاملار.
ئۇزاتتى ئاي، يۇلتۇز چاقناپ،
ئۇزاتتى گۈل بوستانلار.

ئەجدادلارنىڭ قان-تەرى
ھەم ئەقلىنىڭ جەۋھىرى.

سىڭگۈي قاتار تۇرۇپتۇ،
تىك قىياغا قېزىلغان.
مەن ئوقۇدۇم بىر داستان
قاندا تاشقا يېزىلغان.

1989-يىل سېنتەبىر، كۇچا.



تىك قىيادىن مىڭئۆيىنى
قانداق تېشىپ قازغاندۇ؟
ئىشلەتكىنى ئىرادە
قويۇپ چىققان بازغاندۇ!

بۇ — كۆرمىڭ يىل بۇرۇنقى
مۆجىزە بىر ئالامەت.
مەن ئوقۇدۇم ئاپىرىن،
تاڭ قالدۇرغاچ جاسارەت.

ئۆي ئىچىدە كۆسەندىن
ھۈنەر سەنئەت نامايان.
رەسىمسىز تام يوق ئىكەن،
مەزمۇن، ئۇسلۇب بەك ئايان.

رەسىملەردە بار چۆچەك،
رىۋايەتتىن ئەندىزە.
رىئال تۇرمۇش، ئەمگەكتىن
ھەر خىل رەڭدار مەنزىرە.

مىڭئۆي تارىخ شاھىدى،
مەدەنىيەت گۆھىرى.

تەجەللی نامی ھەر یان تارالغاندا،
فۇرقەتمۇ يارکەنتتە غەزەل قاتقان.

ئۈزۈۋەتكەن پەلەك بىر چاغ رىشتىمىزنى،
ئايرىۋەتكەن چىمىك سىقىشقان قولىمىزنى.
ئۈزۈلگەن يىپنى قايتا ئۇلاش ئۈچۈن،
كەلدىم مەن ئىزدەپ دوستلۇق يولىمىزنى.

تىپىپسەن قەدرىڭنى سەن، بەختىڭنى سەن،
پارلاق يول، زور نىشانغا قەدەم بېسىپ.
گۈللىگىن كەڭ زېمىندا گۈلشەن بولۇپ،
ئۆرلىگىن، زەپەر ساڭا بولسۇن نېسىپ.

1990 ـ يىل نويابىر، تاشكەنت.



# تاشكەنت

كەلدىم مەن تەڭرىتاغدىن سالام بىلەن،
ئىزدەپ ئېزىز دوستلارنى تاشكەنت ساڭا.
تەبەسسۇم چىراي بىلەن باغرىڭ ئېچىپ
ئالدىمغا چىقتىڭ شۇ دەم دەپ مەرھابا.

تارىختىن قۇتلۇق نامىڭ ئورۇن ئالغان،
ئىككى دەريا ئارىسىدا ماكانىڭ بار.
ئەجدادلار، ئەۋلادلارنى ئۇلاپ كەلگەن
ئەمگەكچان خەلقىڭ ساڭا ئەبەدىي يار.

چاڭئەندىن چىقسا كارۋان يىپەك تارتىپ
ئۆتەتتى تۇرپان ئارا داۋان ھالقىپ.
سەن شۇ چاغ ئۇلۇغ يولدا چۈشكۈن بولۇپ،
تۇراتتىڭ ئۇپۇق كەبى كۆۋرۈك تارتىپ.

خاس ھاجىپدەك① ئالىملار چاچسا ئېرپان،
سەنئەت كۆكىدە ناۋايى بولدى چولپان.

---

① ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى يۇسۇپ خاس ھاجىپ.

قوشناڭ تىنچ، سەنمۇ تىنچ دېگەن سۆز ھەق.
بۇ ئىنسان يۈرىكىدىن چىققان سادا.
قوشكېزەك تىنچلىق بىلەن دوستلۇق ھامان،
بۇنىڭسىز گۈللەنمەيدۇ چەكسىز دۇنيا.

سالاۋات ئۆتكەن ئىشقا، نىشان پارلاق،
قول تۇتۇشۇپ ئىلگىرىلەيلى بولۇپ ئىناق.
ئەقىدە ـ دوستلۇقنىڭ چىن مەنىسى شۇ،
ياشايلى بولۇپ ھەمدەم، چىن ئىتتىپاق.

1990 ـ يىل نويابر، ئالمۇتا.



# دوستلۇق كۈيى

ئەسسالام سوۋېت ئېلى — قېرىنداش ئەل،
كۈيلەيمەن چىن دوستلۇقنى تىلىم بىلەن.
ئەسقەر تاغ قارغىيىدەك كۆكلىسۇن دەپ،
قەدىرلەيمەن ئىناقلىقنى دىلىم بىلەن،

كۆرمەككە تەلپۈنەتتىم جامالىڭنى،
باغاشلاپ سېنى كۈيگە قاتسام دەيتتىم.
ئىخ، بۈگۈن يېتىشكەندە ۋىسالىڭغا،
دوستلۇقنىڭ دەپتىرىدىن بىر بەت ئاچتىم.

ئىككى ئەل جان دوست ئىدۇق كۆپ ئۇزاقتىن
يېپەك يولى شۇ دوستلۇققا يارقىن مىسال.
تۆگە، قوتاز باسقان يولدا، ئەمدى قارا،
ياڭرايدۇ تۆمۈر يولدا ياڭراق سىگنال.

تۇتاشتۇق قارىغايلىق تاغلىرىمىز،
يايرىتار چارۋىمىزنى تۇتاش ئوتلاق.
قاندۇرار تەشنالىقنى ئىلى سۈيى،
ئېرتىشنىڭ بېلىقلىرى بىزگە ئورتاق.

ئەجرىمىز يىراقتۇر ئەل ئۈمىدىدىن،
ئەل ئوغلى ئەل ئۈچۈن ئىشلەيدۇ ئەبەت.
ئۆتمۈشلەر بۈگۈننىڭ سىمۋولى ئەمەس،
بېغىشلار زاماننىڭ بايرىقى غەيرەت.

ماڭايلى دۇنياۋى پەللىگە ئۆرلەپ،
ئىزدىنىش، ئىجادقا ئەزەلدىن يولداش.
قولغا قول تۇتۇشتۇق ھەر مىللەت خەلقى،
چىللايدۇ ئالغا دەپ ئەتىكى قۇياش.

باھاردا جەم بولدۇق مەرىپەت ئەھلى،
مىسالى تۇغقانلار توپلاشتۇق يەنە.
قىزىسۇن تەبرىكلەر، چۈشىنىشلەر،
سىردىشىش، روھلىنىش، ئالقىش تەنتەنە.

1991 ـ يىل فېۋرال، ئۈرۈمچى.

## چىللايدۇ ئەتىكى قۇياش

باھاردا جەم بولدۇق مەرىپەت ئەھلى،
مىسالى تۇغقانلار توپلاشتۇق يەنە.
قىزىدى تەبرىكلەر، چۇشىنىشلەر،
سىردىشىش، روھلىنىش، ئالقىش تەنتەنە.

قوللاردا تەبرىك ۋە چىن دوستلۇق جامى،
يېگىشتىن، ساۋاقتىن دىلدا ھاياجان.
ئىچەيلى ئەسلەپ بىز باسقان يولنى ھەم
ئەتىكى يۇرۇشكە تىلەپ شەرەپ ـ شان.

بىلىمەن دوستلارنىڭ كۆپتۇر تۆھپەسى،
ئەجرىدىن نۇرلاندى پەن ۋە ئىسلاھات.
بىلىمەن يارەنلەر خەلق بايلىقى،
ئەقلىدىن گۈللىنەر ۋەتەن ۋە ھايات.

ھەر ياققا نۇر چاچتى پەن، مەدەنىيەت،
پۈتۈلدى قانۇندىن، ئەخلاقتىن قانات.
ۋە لېكىن نادانلىق، نامراتلىق تېخى
پۇر كۆيدۇ ئاپەتنى ئاغزىدىن پات ـ پات.

چەكىردا قار كېچىپ يۇرۇپ جەڭچىلەر،
بېغىشلار خەلققە خاتىرجەم باھار.
چۆل كېزىپ گېئولوگ ۋە نېفىتچىلار،
تۇگمەس بايلىققا كەڭ ئىشىك ئاچار.

كۈن - تۈنى ئۇخلىماي ئالىم، دانىشلار
كەشپىيات نۇرىدىن دەۋر يارىتار.
تراكتور گۈركىرەپ ئېتىز، دالىدا،
ئالدىراپ باھاردىن خەۋەر تارقىتار.

باھار بار مىللەتلەر ئىناقلىقىدا،
ئارمىيە، خەلقنىڭ ئامراقلىقىدا.
باھار بار ۋەتەننىڭ گۈللىنىشىدە،
ھايات ۋە غايىمىز پارلاقلىقىدا.

كۆرەشتىن شان تاپار باھار ئۆزدگە،
يىل بەختى باھاردىن باشلاپ ئېچىلار.
باھارنىڭ شامىلىنى تۇسالماس ھېچكىم،
ئاز ئۆتمەي رېمىنغا گۈللەر چېچىلار.

1991 - يىل 10 - فېۋرال، ئۈرۈمچى.

## ئۆزگىچە كەلدى بۇ يىلقى باھار

نەشتەرلەر سانجىيدۇ سوغۇق ھىلىمۇ،
قار-مۇزلار تىخىچە كەتمىدى ئېرىپ،
لېكىن كۈن باھاردىن بەردى بېشارەت،
دەريالار ئاقتى مۇز كۆكسىنى يېرىپ.

يىگىتلەر، قىزلارنىڭ كۆزىدە باھار،
ئاتىلار، ئانىلار سۆزىدە باھار.
ھەر ياقتا باھارنىڭ قەدەم ئاۋازى،
ھاياتنىڭ، يۈرۈشنىڭ ئۆزىدە باھار.

بەزمىلەر قىزىدى تەرەپ-تەرەپتە
پوجاڭزا گۈمبۈرلەپ قارغا ئوت چاچار.
ئۆزگىچە خىسلەتتە بۇ يىلقى باھار،
يۈرەكتىن-يۈرەككە يېڭى يول ئاچار.

ئۇ كەلدى يېزىدىن، يايلاق، شەھەردىن،
ئىسلاھات روھىنى كۈيلەپ ئەرتىلەپ.
ئۇ كەلدى خەلقىنىڭ قان ھەم تەرىدىن،
زېمىننى ئويغىتىپ كۈلۈپ، ئەركىلەپ.

چۆچەكنى كۆپ ئاڭلىدىم،
ئاڭلىغانغا قانمىدىم.
كۆلمۇ تولغان چۆچەككە،
زوقۇم كېلىپ داڭلىدىم.

چەشمىلەردە ئاقتىم مەن،
كۆلگە چۆكۈپ باقتىم مەن.
سۈزۈپ ئۈنچە تەكتىدىن،
كوكرىكىمگە ياقتىم مەن.

سەرىقۇلدا نېمە جىق؟
تاغلار بىلەن تاشلار جىق.
سۈيى سۈزۈك بۇلاقلار،
ئېگىز تۆپە ـ قاشلار جىق.

كۈمۈش رەڭلىك تاغلىرى،
ياقۇت رەڭلىك تاشلىرى.
قۇلاق سالسام ئۇلارغا،
بىر قىسسە باشلىدى:

**بىرىنچى باب ئۇچرىشىش**

ئۇزاق قەدىم زاماندا،
پامىر تېغى تاماندا؛

# ئامان بىلەن ئەختەر*

## (داستان)

### مۇقەددىمە

تاشقۇرغاندا نېمە جىق؟
بۇلبۇل بىلەن گۈللەر جىق.
ئاھۇ كۆزلۈك چەشمىلەر،
لەئىل يۈزلۈك كۆللەر جىق.

سان ـ ساناقسىز بۇلبۇللار،
بۇندا قوشاق توقاركەن.
گۈل ئاغزىدىن رىۋايەت،
ئىپار چېچىپ ئوخچاركەن.

چۆچەكلىرى چەشمىدەك،
ئاقار ـ ئاقار، توختىماس.
ھەربىر چۆچەك بىر كىتاب،
بىر ـ بىرىگە ئوخشىماس.

---

* بۇ داستان تاجىك خەلق رىۋايىتىگە ئاساسەن يېزىلغان. ــ ئاپتوردىن.

چېھرىسىدىن باتۇرلۇق،
نۇرى يېغىپ تۇرارکەن.

چوقماق بىلەن بەزىدە،
توشقان، كېيىك ئوۋلارکەن.
کاۋاپ قىلىپ گوشىنى،
قورسىقىنى توقلارکەن.

چەۋەندازكەن ئاجايىپ،
ياۋا ئاتنى كۆندۈرگەن.
تالاي بۆرە-توڭگۇزنى،
بىر مۇشت بىلەن ئۆلتۈرگەن.

يىگىت داڭقى بۇ ئەلدە،
پۇر كەتكەنكەن ھەر يانغا.
ھەممە ئادەم كۆيئوغۇل
قىلساق دەركەن ئارماندا.

*　　　*　　　*

شاھ سارىيى ئالتۇندىن
ياسالغانكەن ھەيۋەتلىك.
ياشايدىكەن شۇ يەردە،
بىر ھۇر-پەرى سۇرەتلىك.

بىر مەملىكەت بار ئىكەن،
خەلقى بەكمۇ خار ئىكەن.

قىلىدىكەن شاھ كۈندە،
ئەيش - ئىشرەت — مەئىشەت.
پۇقرالىرى شۇڭا ئاچ
چېكىدىكەن دەرد - كۈلپەت.

ئامان ئاتلىق بىر يىگىت،
شاھ قوينى باقاركەن.
يېتىملىكنىڭ دەردىدە،
دائىم مۇڭغا پاتاركەن.

يۇلتۇزلارمۇ ئۆچمەستە،
قوينى ھەيدەپ ماڭاركەن.
تەن سىققۇدەك ئۆيى يوق،
قوتاندىلا ياتاركەن...

تەۋەررۇك بىر سۆڭەك نەي،
ئاڭا ھەر دەم ھەمراھكەن.
غۇربەتچىلىك دەردىدە،
نەينى مۇڭلۇق چالاركەن.

ئۇ نەي چالسا بۇلبۇللار،
زوقى كېلىپ ئاڭلاركەن.

دەريا بويلاپ ئات چېپىپ،
خېلى ئۇزاپ كېتىپتۇ.
قاناتلانغان سۇر قاشقا،
تاغ ـ داۋانلار ئېشىپتۇ.

* * *

يالت ـ يۇلت قىلىپ چاقماقلار،
گۈلدۈرلەپتۇ ئاسمانمۇ.
قويلىرىنى يىغىپتۇ،
چوپان يىگىت ئامانمۇ.

يىگىت قايرىپ قويلارنى،
ئەمدى بىر قىر ئاشقاندا؛
"ۋايجان!" دېگەن بىر ئاۋاز،
ئاڭلىنىپتۇ شۇ ئاندا.

قاراپ يىگىت ئۇ ياققا،
تۇرۇپ قاپتۇ داڭقېتىپ.
ئۇركۇگەن ئات بىر قىزنى
كەلمەكتىكەن ئەپقېچىپ.

چىقىراركەن قورقۇپ قىز،
ئات يايلىغا يېپىشىپ.
توپا ـ توزان ئىچىدە،
ئەجەل بىلەن ئېلىشىپ.

ئۆنىڭ ئېتى ئەختەر كەن،
شاھنىڭ يالغۇز قىزىكەن.
گۈزەللىكتە تېڭى يوق،
خۇددى ئاينىڭ ئۆزىكەن.

گۈزەل قىرىق كېنىزەك،
خىزمىتىگە تەييار كەن.
ھەمراھ بولۇپ سەيلىگە
كۆندە چىقىپ تۇرار كەن.

مەن ـ مەن دېگەن شاھزادە،
ئەختەرگە باش قويار كەن.
قىز كۆز قىرىنى سالمىغاچ،
ئەلەم ـ زەرداپ يۇتار كەن...

ئادىتىچە بۈگۈنمۇ،
چىقىپتۇ ئۇ سەيلىگە.
قويۇپ بېرىپ دۇلدۇلى ـــ
سۈر قاشقىنى مەيلىگە.

كېنىزەكلەر ئەگەشسە،
دەپتۇ: "تۇرۇپ تۇرۇڭلار.
كېلەي يالغۇز ئايلىنىپ،
بەزمە قۇرۇپ تۇرۇڭلار."

بىرھازادىن كېيىن قىز،
كۆتۈرۈپتۇ بېشىنى.
ھاياجاندا سۇرتۇپتۇ،
كۆزدىن ئاققان يېشىنى:

"بايا چاقماق چاقاندا،
ئۇركۈپ كەتتى سۇر قاشقام.
قۇتقۇزمىغان بولسىڭىز،
تۈگىشەتتىم مەن تامام..."

يىگىت دەپتۇ: "سۇر قاشقا،
بەكمۇ شاشتەك قىلىدۇ.
مىنمىسىڭىز ياۋاش ئات،
باشقا خەتەر كېلىدۇ..."

يىگىت قىزغا قارىسا،
تولۇن ئايدەك گۈزەلكەن.
چاقناپ تۇرغان ئالتۇن تاج،
ياقۇتلاردا بىزەلگەن.

"ئوڭۇممۇ يا چۈشۈممۇ،
يولۇققىنىم كىم ئۆزى؛
يا جەننەتنىڭ ھۆرىمۇ،
يا شاھنىڭ شۇ يۇلتۇزى؟..."

كەپتۇ ئاتقا ئامانمۇ،
ئۇچار قۇشتەك ئېتىلىپ.
ئاپتۇ قولغا تىزگىننى،
قىز كەينىگە مىنگىشىپ.

ئۇخچۇپ بېقىپ ئات ئاخىر،
قايرىلىپتۇ دەرياغا.
تىزناپ سۈيى ئاقاركەن،
ئۇرۇلۇپ تاش ـ قىياغا.

ئات شىددەتلىك ئېقىمدا،
مۆڭگۈپ ـ مۆڭگۈپ توختاپتۇ.
كېتىپ باشتىن شۇم ئەجەل،
ئەختەر قىزمۇ ساق قاپتۇ.

ئامان قىزنى كۆتۈرۈپ،
قىرغاق تامان ئۈزۈپتۇ.
دولقۇن يېرىپ ھاياتلىق
جەۋھىرىنى سۈزۈپتۇ.

قىز بەك قورقۇپ كەتكەچكە،
قان قالماپتۇ يۈزىدە.
تېنى تىترەپ ياپراقتەك،
نۇر ئۆچۈپتۇ كۆزىدە.

شۇنداق، سىزگە ئۇچراشتىم،
ئۆمرىمنىڭ گۈل پەسلىدە!

يىگىت:
ئەل ئاغزىدىن مەن بۇرۇن،
داڭقىڭىزنى ئاڭلىغان.

قىز:
ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟
ئېيتىڭ تېز ئەي قەھرىمان!

يىگىت:
قۇلىڭىز مەن، قويچىمەن،
ئامان دېگەن يېتىممەن.

قىز:
رەھمەت سۆزى ئاز كېلەر،
دېسەممۇ مىڭ قېتىم مەن.
دەرھال بېرىپ ئوردىغا،
شاھ ئاتامغا ئېيتىمەن.
خالىسىڭىز سىزنىمۇ
بىللە ئېلىپ كېتىمەن.

يىگىت:
دەريانىڭ ئۇ قېتىدا،

تۇرۇپ قاپتۇ ئىككىسى،
بىر پەس سۇغا قارىشىپ.
جىلۋە قىپتۇ شولىسى،
سۇ بېتىگە يارىشىپ.

"قانداق باتۇر يىگىت - ھە!
جېنىن تىكتى مەن ئۈچۈن.
پەيتى كەلسە ئەي يىگىت
مەنمۇ تەييار سەن ئۈچۈن.

كىم بىلسۇن بۇ يىگىتنىڭ
باردۇر بەلكى سۆيگىنى؟
ۋەدىلەشكەن - سۆزلەشكەن،
چىن يۈرەكتىن كۆيگىنى؟..."

شۇ چاغ دەريا بويىغا،
بىر توپ لەشكەر كەپتۇ تېز.
"كەپتۇ ئوردا لەشكىرى،
مېنى ئىزدەپ..." دەپتۇ قىز.

يىگىت:
دېمەك ئەختەر مەلىكە،
سىزمىدىڭىز ئەسلىدە؟
قىز:

ئىمكان بەرسۇن ياشاشقا،
ئېزىلگۈەرمەي مەزلۇمنى...»

* * *

سەلتەنەتلىك سارايغا
ئوردا ئەھلى بوپتۇ جەم.
داستىخانغا تولۇپتۇ،
تۈرلۈك نازۇنېمەت ھەم.

ئامان كىرىپ سارايغا،
بەجا قىپتۇ سالامنى.
يەۋاتقانكەن شاھ بۇ دەم،
ئىشتەي بىلەن تائامنى.

چۈشۈپتۇ شاھ تەختىدىن،
«قويچى ئامان سەنمۇ» دەپ.
«مەلىكىنى قۇتقۇزغان،
قورقماس پالۋان سەنمۇ» دەپ.

«ئولتۇر قېنى يېنىمدا،
سېنى رازى قىلىمەن.
ياخشىلىققا ياخشىلىق
قىلىش كېرەك، بىلىمەن.»

يىگىت دەپتۇ: «ئۇلۇغ شاھ،
دەرد تۆككىلى كەلدىم مەن.

قالدى قويلار مەرتشىپ.
يىتسە بىرى، ئارقامدىن
كېلەر ئەجەل ئەگىشىپ.
بارالماسمەن ئوردىغا،
ئۇ مەن بارار يەر ئەمەس.
قوي قوتىنى مىڭ ئەلا،
نامراتلارغا ھەر نەپەس.

قىز:
ئۇنداق بولسا مەرد يىگىت،
ئەرتە ئادەم ئىبەرتەي.
نېمە تەلەپ قىلسىڭىز،
شۇنى بەجا كەلتۈرەي...

## ئىككىنچى باب ئوردىدا

بارماس ئىكەن ئوردىغا،
ئالتۇن مەپە كەلسىمۇ؛
بارماس ئىكەن يىگىت ھېچ،
خەزىنىنى بەرسىمۇ.

بىراق دەپتۇ دەردمەنلەر:
"يەتكۈز شاھقا زۇلۇمنى.

باياشاتلىق ئوردىدىن
كۆچسۇن جىمى بولۇشقا...

## ئۈچىنچى باب  شەرت

ئەختەر يوقلاپ تۇرۇپتۇ،
كۈن ئارىلاپ ئامانى.
تۇيۇشۇپتۇ چىن ئىشق
يۈرەككە ئوت سالغانى.

قوينى ھەيدەپ ئىككىسى،
ساھىللارنى كېزىپتۇ.
يىگىت نەيدە توككەن مۇڭ
قىز باغرىنى ئېزىپتۇ.

بىركۈنى قىز كۆڭلىنى،
ئىزھار قىپتۇ ئامانغا.
يىگىت دەپتۇ: "يەتمەس قول
ئوردىدىكى جانانغا..."

قىز:
ئەلچى بارسۇن ئوردىغا،
قالغىنىنى مەن جۆندەي.

چەكتىن ئاشقان زۇلۇمنى
راست سۆككىلى كەلدىم مەن.»

شاھ:
بۇ ھەقتە سۆز ئاڭلىماي،
ھازىر بەزمە ۋاقتىدۇر.

يىگىت:
ئادىل شاھقا يېتىشمەك،
پۇقرالارنىڭ بەختىدۇر...

شاھ:
ئاۋال ئىنئام بېرىڭلار،
بۇ يىگىتكە، دېدەكلەر.
بەزمە ئەمدى باشلانسۇن،
خۇشال كۈلسۇن يۈرەكلەر.

ئامان:
ئىنئام ماڭا نە كېرەك،
ئەل بەختىنى كۆزلەيمەن.
بەرسىلە گەر ئىجازەت،
خەلق دەردىنى سۆزلەيمەن.

ئەي قۇدرەتلىك شاھىنشاھ،
چەك قويسىلا زۇلۇمغا.

يىگىت ئاڭلاپ بۇ شەرتنى
چىقماق بوپتۇ سەپەرگە.
بارما دەپتۇ ئەلچىلەر،
تەۋەككۇل، دەپ خەتەرگە.

كېلىپ شۇندا ئەختەر قىز،
دەپتۇ: "ئامان قورقامسىز؟
يىگىت يانماس سۆزىدىن
دېگەن گەپنى ئۇقمامسىز؟

تەييارلىنىڭ سەپەرگە،
قانات بولسۇن باتۇرلۇق.
مەدەت بەرسە پاك سۆيگۈ،
يېڭىلمەس ھېچ مۇشكۇل يوق."

يىگىت دەپتۇ: "بارىمەن،
گۈلنى ئېلىپ يانىمەن.
بېشىم ئامان بولسىلا،
يار ۋەسلىگە قانىمەن."

ئالتۇن ساپلىق قىلىچنى،
قىز سۇنۇپتۇ ئامانغا.
باتۇر يىگىت خوشلىشىپ،
ئات ساپتۇ تاغ - داۋانغا...

يىگىت:

بار بىساتىم شۇ قوتان،
بۇگا قانداق ماقۇل دەي؟
ھەشىرەتلىك ئوردىدىن،
كۆچىسىگىز تار قوتانغا؛
جاھان ئەھلى كۈلمەمدۇ؟
زاڭلىق قىلىپ ھەر ياندا.

قىز:

گەپ شۇ بولسۇن، ئەتىلا
بارسۇن ئىككى ئەلچىڭىز.
تەسكە چۈشمەس قالغان ئىش،
كۆيسە ماڭا قەلبىڭىز.

* * *

ئەلچىلەرنى كۈتۈپتۇ،
يىگىت بولۇپ بىتاقەت.
دەپتۇ ئۇلار ياندا:
"شاھ شەرت قويدى كارامەت."

"تىلسىم تاغدىن بىر تال گۈل،
ئۈزۈپ كەلسۇن دەيدۇ شاھ.
مەردلىگىدىن بىر داستان
تۈزۈپ كەلسۇن دەيدۇ شاھ."

## تۆتىنچى باب   تىلسىم تاغقا سەپەر

يىگىت تاغقا مىڭىپتۇ،
ئاستىدا سۇر قاشقا ئات.
كىم مىنگەننى بىلگەندەك
پۇشقۇرۇپتۇ ئۇ پات ـ پات.

ئەختەر قاپتۇ ئوردىدا،
كۆزلىرىدىن تۆكۈپ ياش.
ئاق يول تىلەپ خۇدادىن،
دۇئا قىپتۇ قويۇپ باش.

ئارقىسىغا قاراپتۇ،
يىگىت يىنىش ـ يىنىشلاپ.
بوپتۇ ھەمراھ چىن سۆيگۈ،
ئاڭا ئۇمىد بىغىشلاپ.

ياڭرايدىكەن قەلبىدە،
بوۋايلارنىڭ سۆزلىرى:
"بارغىن ئوغلۇم گۈل ئەپكەل،
كۆرسۇن شاھنىڭ كۆزلىرى.

يىگىت بۇ تاغ توغرۇلۇق،
تالاي چۆچەك ئاڭلىغان.
تىلسىماتمىش ئۇ سىرلىق،
ئىنسان ئاياغ باسمىغان.

ئۇندا سانسىز بۇلاقتا،
ئابىھايات ئاقارمىش.
ئېرىقلاردا ياقۇتلار
كۆز چاقنىتىپ ياتارمىش.

رەڭگارەڭمىش تاشلىرى،
زەر نۇر چېچىپ چاقنارمىش.
قىش-ياز گىياھ، دەل-دەرەخ،
خۇش بۇي ئېپار چاچارمىش.

تاغ بېشىدا پەرىزات،
كۆلگە كۈن-تۈن قارارمىش.
بىر پۇرسا شۇ كۆلنى،
ئىنسان مىڭ يىل ياشارمىش.

تىلسىم تاغنى كىشىلەر،
بارسا كەلمەس دەيدىكەن.
ئاڭا بارغان باتۇرلار،
ئۇز بېشىنى يەيدىكەن...

ئەل بېشىدىن زۇلۇمنى،
كەتكۈزۈشكە بارسەن.
ئەل مېھرىنى پەرىگە،
يەتكۈزۈشكە بارسەن...»

تاخلىشىپتۇ كېپىكلەر،
يول كۆرسىتىپ ئامانغا.
دەپتۇ: «خۇدا يەتكۈزگەي،
سىزنى كۈتكەن ئارمانغا...»

ئۇتقا تويغان سۇر قاشقا،
پۇشقۇرۇپتۇ ئالدىراپ.
قىز توقۇغان زەر ئىگەر،
چاقنايدىكەن يالتىراپ.

مىنىپ يىگىت قاشقىغا،
قامچا سالماي مېڭىپتۇ.
كۈن پاتاردا ئۇ تاغنىڭ
قاپتىلىغا يېتىپتۇ.

شۇندا يىگىت ئالدىغا،
ئۇچراپ قاپتۇ بىر بوۋاي.
كۆركەم كۈمۈش ساقىلى
يەلپۈلدەركەن توختىماي.

شۇنىڭ بىلەن يۇرت تىنجىپ،
چەك قويۇلسا زۇلۇمغا.
كۆلسە بەختى يوقسۇلنىڭ،
تولسا قىمىز تۇلۇمغا.

ئەجەب ئەمەس زالىم شاھ،
كېلىپ قالسا ئىنساپقا.
يەڭگىن جەزمەن تىلسىمنى،
بەرداش بېرىپ ئازابقا...“

باتۇر يىگىت پېشىندە،
تاغ باغرىغا كېلىپتۇ.
سۈزۈك بۇلاق سۈيىدىن
قانغىچىلىك ئىچىپتۇ.

شۇندا كېلىپ كېيىكلەر،
دەپتۇ: ”بارماڭ ئۇ تاغقا.
ئۇ خەتەرلىك تىلسىمات،
ئىلىنىسىز قىلتاققا...“

دەپتۇ ئامان تاڭ قېلىپ:
”رەھمەت ئاق دىل كېيىكلەر.
زالىم شاھنىڭ زۇلمىدىن،
قۇرۇپ قالدى يىلىكلەر.

دەپ بېرىپتۇ بوۋايمۇ،
تاغ ھەققىدە مۇنداق گەپ:

"بار ئۇ تاغدا ئون بۇلاق،
بويلىرىدا گۈل ـ چىمەن.
ئاقۇش رەڭلىك بىر گۈلنى،
تاپقىن ئىزدەپ پەم بىلەن.

بۇ گۈل ئۆسكەن بەشىنچى
بال بۇلاقنىڭ بويىدا.
يىراق كەتمەس بىر پەرى،
ئۇنى ساقلاش كويىدا.

ئۇخلايدۇ بۇ پەرىمۇ،
چىڭقى چۈشتە چىمەندە.
ئاللايسەن گۈلنى سەن،
بارساڭ شۇ پەيت كەلگەندە.

گۈلنى ئېلىش تەس ئەمەس،
بىراق تاغدىن چۈشمەك تەس.
توسار يولنى دەھشەتلىك
ئېيىق، يولۋاس ــ جىمى نەس.

ھېچ گەپ ئەمەس باتۇرغا،
يەڭمەك ئېيىق ـ يولۋاسنى.

ئاتتىن چۈشۈپ بوۋايغا،
يىگىت سالام بېرىپتۇ.
ئىلىك ئالماي چال بىراق،
يولنى داۋام ئېتىپتۇ.

يىگىت:
بوۋا، سوراي دېگەنتىم،
ئۆزلىرىدىن بىر ئىشنى.
بىلەلمىدىم بۇ تاغقا
زادى قانداق چىقىشنى.

بوۋاي:
چىقىپ قاپسەن ھەي بالام،
بەكمۇ خەتەر سەپەرگە.
قانچە باتۇر بەرگەن جان،
ئېرىشەلمەي زەپەرگە.

زامىن بولماي جېنىڭغا،
ئارقاڭغا يان، ئامان قال.
بارسا كەلمەس تاغدۇر بۇ،
ئۆز يۇرتۇڭدا كۈنىڭ ئال.

ئامان شۇ ئان ئېيتىپتۇ،
مەقسىتىنى بىر ـ بىرلەپ.

ئاق يوللۇق بول، غالىب بول،
ئىزلىرىڭدىن گۈل ئۈنسۈن...“

تۈن بويى يول يۈرۈپ ئات،
قارا تەرگە چۆمۈپتۇ.
نەدە قالدى شاشلىغى؟
ھارغىنلىقتا چۆكۈپتۇ.

ماڭا ـ ماڭا، ئەتىسى،
چىڭقى چۈشتە مەرد ئامان؛
چىقىپتۇ تاغ ئۈستىگە،
ئېشىپ قانچە تىك داۋان.

سۈرلۈك جىمىلىق ھۆكۈمران
ئىكەن يېقىن ـ يىراقتا.
شامال كۆمۈپ ئۆتەركەن،
تاغنى خۇش بۇي پۇراقتا.

كەپتۇ ئاخىر بەشىنچى
بال بۇلاقنىڭ يېنىغا.
كۆرۈپ ئاقۇش گۈلنى ئۇ،
پاتماي قاپتۇ قىنىغا.

ئەختەر بەرگەن ياغلىقتا،
گۈلنى ئۈزۈپ ئوراپتۇ.

باش ئەگدۈرگەن كەم زادى،
تاغ يۈرەكنى ـ قورقماسنى؟!

ئەڭ يامىنى پەرىزات،
ئەپسۇننى ئوقۇسا؛
بوپقالسەن خادا تاش،
قولىنى بىر نوقۇسا.

تىغ كۆتەرمە ئۇنىڭغا،
زورلۇق پەقەت ئىشلىمەس.
ئاڭا ئىشلەت پاراسەت،
شۇندا يولۇڭ كېسىلمەس.

ئۇنىڭمۇ كۆپ دەردى بار،
ئۆتىدۇ ئەر ـ يىگىتسىز.
مۇھەببەتنىڭ لەززىتى
ئاڭا مەۋھۇم، ئېنىقسىز.

مۇشۇنداق بىر يوچۇق بار،
قالغىنىنى ئۆزەڭ بىل.
گاھ باتۇرلۇق كۆرسەتكىن،
گاھ ئىشلەتكىن پەم ـ ئەقىل.

ماڭغىن بالام يولۇڭغا،
ئاللا ساڭا يار بولسۇن.

ھەرسىر ئۇرغان قىلچىسى،
چاچراپتۇ قان ھەر يانغا.

ئۆلگەن يولۋاس قېنىدا،
نەچچە ئۆستەڭ تولۇپتۇ.
جەگدە قورقماس سۇر قاشقا،
"ئەر قانىتى" بولۇپتۇ.

"ئارقاڭغا باق!" دېگەن ئۈن،
ئاڭلىنىپتۇ شۇ ئاندا.
باقسا، قاتار تۇرغانمىش،
خادا تاشلار ئۇ ياندا.

نە خادا تاش، ئادەممىش،
كەتكەن تاشقا ئايلىنىپ.
جىغلداپتۇ يۈرىكى،
ئامانىنمۇ سۇر بېسىپ.

تاش ئادەملەر كەينىدىن،
چىقىپتۇ بىر ئايدەك قىز.
بىردىن قاتتىق ۋارقىراپ،
دەپتۇ: "گۈلنى تاشلا تېز!"

بوۋاي دېگەن پەرىزات،
دەل مۇشۇ قىز ئەمەسمۇ؟

سىلىپ ئاستا قويىنىغا،
ئات بېشىنى بۇراپتۇ.

سۇر قاشقىمۇ جانلىنىپ،
تۇنجى قەدەم باسقاندا؛
گۈلدۈرلەپتۇ تاغۇتاش،
چىقىپ چۇقان ھەر ياندا.

"تاشلا، گۈلنى!" دەپتۇ تاغ،
"تاشلا، گۈلنى!" دەپتۇ تاش.
"تاشلا، گۈلنى! بولمىسا،
كېتەر سەندىن ئېزىز باش!..."

يىگىت دەرھال قىلىچنى،
چىقىرىپتۇ قىنىدىن.
ئېتىلىپتۇ ئېيىقلار،
تويغاندەك ئۆز جېنىدىن.

ئۆلگەن ئېيىق قېنىدا،
نەچچە ئېرىق تولۇپتۇ.
جەڭدە باتۇر سۇر قاشقا،
"ئەر قانىتى" بولۇپتۇ.

بىر توپ يولۋاس ھۆركىرەپ،
تاشلىنىپتۇ ئامانغا.

يىگىت:

رەھىم قىلىڭ پەرىزات،
گۈلنى ئېلىپ كېتەي مەن.
گۆرگە تىقىپ زۇلمەتنى،
يوقسۇلنى شاد ئېتەي مەن.

شاھ قىزىنى سۆيگەن مەن،
پىراقىدا كۆيگەن مەن.
تويىنىڭ شەرتى مۇشۇ گۈل،
شۇڭا ئۇنى ئۈزگەنمەن.

قىز:

گۈلنى تاشلا، بولمىسا،
كۆرگۈلۈكنى كۆرىسەن.
ئەپسۇننى بىر ئوقۇسام،
ھازىرلا تاش بولىسەن.

يىگىت:

سىزمۇ يىگىت بولسىڭىز،
شاھ قىزىغا كۆيسىڭىز؛
توي شەرتىگە قويسا گۈل،
شۇندا نېمە دەيتتىڭىز؟

ئۇ زالىم شاھ، شەپقەتسىز،
مەن بىر يېتىم قويچىمەن.

ئوڭ مەگزىدە خالى بار،
بۇ ئىنىق ئىز ئەمەسمۇ؟

يىگىت ساپتۇ قىلىچنى،
ئالدىرىماي قىنىغا.
دەپتۇ پەرى: "نېمىشقا،
كەلدىڭ بۇلاق يېنىغا؟

قارا! ئاۋۇ تۇرغانلار،
بەرى سەندەك تەلۋىلەر.
تاش بول دېسەم بولدى تاش،
چىقارغاچقا غەلۋىلەر.

قىلىچىڭنى سالدىڭغۇ؟
ئەقلىڭ ئاز-پاز بار ئىكەن.
باتۇركەنسەن، ساڭا مىڭ
پالۋان كۆچى يار ئىكەن.

قانچە باتۇر بولساڭمۇ،
ئەپسۇنىمدىن مەغلۇپ سەن.
تىلسىماتقا قول سوزغان،
قانداق تەلۋە مەخلۇقسەن؟..“

قىز:

بوپتۇ ئالغىن گۈلنى سەن،
قۇلمەن سۆيگۈ ئالدىدا.
ساڭا ئاتاپ جېنىمنى،
يول كۆرستەي ۋاقتىدا.

مېنى ھەرگىز قىز دېمە،
ماكچايغان بىر موماي مەن.
بۇ تاغ خالى سۆيگۈدىن،
قۇرۇپ قالغان قوراي مەن.

سۆيگۈ نېمە، بىلمىدىم،
يىگىت قانداق، كۆرمىدىم.
تېتىپ سۆيگۈ لەززىتىن
بىرەر كۈنمۇ يۈرمىدىم...

يىگىت ئاڭلاپ بۇ گەپنى،
ئېچىنىپتۇ پەرىگە.
بولمايدىكەن ياماقمۇ،
ئۆز دەردى قىز دەردىگە.

يىگىت:

ياشاڭ پەرى بىز بىلەن،

ئادالەتكە ئۇندىمەك
بولغان ئىدىم تويدىمەن.

قىز:
تاشلا گۈلنى ئالدىمغا،
ئۇنىڭ بىلەن نە كارىم.
ياخشىلىقچە كەت بۇندىن،
ئامان قىلغاي خۇدايىم.

يىگىت:
ئاگلىسام سىز تېخىچە،
يورۇپسىز قىز پېتىچە.
شەربىتىدىن سۆيگۈنىڭ،
تېتىماپسىز قەترىچە.

كېتىڭ ئەمدى مەن بىلەن
مۇھەببەتلىك دۇنياغا.
تىلسىم تاغدىن ۋازكېچىپ،
قېنىڭ ئىشقى ـ ۋاپاغا...

قىز ئاھ ئۇرۇپ تۆكۈپ ياش،
تولغۇنۇپتۇ ئەلەمدە.
يىگىت سۆزى قوزغاپتۇ،
قىز يارىسىن شۇ دەمدە.

ئاق نىيەتلىك بۇ قىزغا،
قاپتۇ مېھرى چىگىلىپ.

ئۇلتۇرۇپ ئۇ گىلەمگە،
كۆك قەرىدە ئۇچۇپتۇ.
ھايال ئۆتمەي يۇرتىغا،
ئامان ـ ئېسەن چۈشۈپتۇ.

يىگىت ـ قىزلار گۈررىدە،
ئاپتۇ ئۇنى ئارىغا.
ياڭرىتىپتۇ نەغمە ـ كۈي،
چېكىپ يۈرەك تارىغا.

كۈلۈشۈپتۇ شادلىنىپ،
دۇئا قىلغان بوۋايلار.
كىرپىك قاقماي تۈن بويى،
يىغلاپ چىققان مومايلار.

پۇراپ گۈلنىڭ ھىدىنى،
ياشارغاندەك بولۇپتۇ.
قاقشال بولغان تەنلىرى،
كۈچ ـ مادارغا تولۇپتۇ.

ئەختەر قىزمۇ ئۇچقاندەك،
يېتىپ كەپتۇ بۇ يەرگە:

قىلماي تاغنى تەختىڭىز.
يېشىل تونلۇق يايلاقتا،
ئېچىلغۇسى بەختىڭىز.

قىز:
ئۆزەڭ كەتكىن پات، يىگىت،
ياشا ئۇندا شات، يىگىت.
قېنىپ يارىڭ ۋەسلىگە،
بولسۇن بەختىڭ قات، يىگىت.

يىگىت:
رەھمەت سىزگە، ئەي پەرى،
مېھرىڭىز لىق دىلىمدىن.
رەھمىڭىزگە نېمە دەي؟
سۆزگە گاداي تىلىمدىن.

قىز:
ئاتقا مىنىپ شۇ پېتىڭ،
چۆشەلمەيسەن بۇ تاغدىن.
بۇ گىلەمگە ئولتۇرۇپ،
ئالغىن ئورۇن چار باغدىن....

ئامان شۇ ئان پەرىگە،
تەزىم قىپتۇ ئېگىلىپ.

## خاتىمە

بولۇپ قاپتۇ پەرىشاڭ،
گۈل بەرگىنى جىنايەت.
ئاللا ئاڭا شۇ زامان،
كۆرسىتىپتۇ قىيامەت.

ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ،
ئۇنى تىرىك بىر بۇتقا.
كۆز يېشىنى تۆكەركەن،
قاراپ ئامان بار يۇرتقا.

شۇ كۆز ياشتىن گۈزەل تاغ،
مۇز تاغ بولۇپ قېتىپتۇ.
چوققىلارغا قالدۇرماي،
كۈمۈشتىن تون يېپىپتۇ.

مۇز تاغ ھەقتە بۇ چۆچەك،
شۇنداق پەيدا بولغانكەن.
پەرىزاتقا ھۆرمەتتىن،
دىللار جامى تولغانكەن.

"بولسۇن يىگىت مۇبارەك،
غالىب كەپسىز سەپەردە!"

دەپتۇ ئامان: "غالىب كۆچ،
مۇھەببەتكەن ئالەمدە.
مەن يەڭمىدىم، مۇھەببەت
يەڭدى ھەربىر قەدەمدە..."

ئەل يىگىتنى قۇتلۇقلاپ،
بايىم قىپتۇ سويۇپ مال.
گۈل ھىدىنى پۇراپتۇ،
ھەممە كىشى بوپ خۇشال.

* * *

شاھمۇ تۇرۇپ لەۋزىدە،
قىرىق كۈن توي بېرىپتۇ.
ئاخىر يىتىم پادىچى
ئوردىغا تىنك كىرىپتۇ.

يىگىت بىلەن زۇلۇمنىڭ
يىلتىزلىرى قۇرۇپتۇ.
بۇ زېمىندا ئەل خۇشال
ياشايدىغان بولۇپتۇ...

مەسئۇل مۇھەررىر: مۇھەممەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتور: رىشىت ۋاھىدى

تۆمۈر داۋامەت
**ھايات مەشئىلى**
(شېئىرلار توپلىمى)

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
ۋە تارقاتقۇچى
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى: مىللەر باسما زاۋۇتى
1992 - يىل 2 - ئايدا 1 - قېتىم نەشر قىلىندى
1992 - يىل 2 - ئايدا بېيجىڭدا 1 - قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 8.70 يۈەن

ئاخىر بىر كۈن ئېرىسە،
ئاشۇ تاغنىڭ مۇزلىرى؛
شۇ پەرىنىڭ تويىنى،
ئوينار پامىر قىزلىرى.

1981 - يىل ئاپرېل، قەشقەر.
1982 - يىل فېۋرال، ئۈرۈمچى.



生命的火炬
（诗集）
铁木尔·达瓦买提著
（维吾尔文）
民族出版社出版发行　各地新华书店经销
民族印刷厂印刷
开本：850×1168毫米 1/32 印张：10 1/4
1992年2月第1版
1992年2月 北京第1次印刷
印数：0001—10,200册
ISBN 7—105—01398—2 / I·295
民文　（维 47）　定价：8.70元